# بىز كىم؟ «جىنايەتچىمىز» نىمە؟

«تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى» ئەسەرلەر توپلىمى *1*

# مۇندەرىجە

## ماقالىلار

قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدا ئائىلەمگە يېزىلغان خەت.............................3
جىھاد ياشلىرىغا ۋەسىيەت..........................................8
دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئەقىدىسىنىڭ ئەھمىيىتى...........................12
ئىمتىھان غەلىبىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن..............................18
يىغلايدىغىنى بولمىغان بىر دىن ئۈچۈن يىغلا ئانا.......................25
ئىبادەت ـ مەنىسى ، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قوبۇل بولۇش شەرتلىرى................30
بىر ئىلىم تالىبىنىڭ يازغانلىرى.....................................38
كىملەر «تائىفەتۇل مەنسۇرا»؟.......................................45
بىز كىم ؟ جىنايىتىمىز نېمە؟.......................................48
مۇسۇلمانىنىڭ دىنىنى ئاشكارا قىلىشى ۋە «مۇستازئاف» چۈشەنچىسى...............66
ئوغلۇم ، يېقىندا ساڭا بۈركۈتنىڭ قانداق ئۇۋلىنىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويىمەن.......73
ئەڭ قەدىرلىك نېئمەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ شەرەپ...............................80
نېمە ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز؟.........................................82
اللەقا قارىتا ياخشى ئويدا بولۇش...................................90
غەلىبىنىڭ ئەمىلىيلىشىشى ئۈچۈن بەش ئاساس.............................98
رامىزان : غەلىبە ۋە ئىسلاھات ئېيى.................................116
ئىسلام ياشلىرىغا جىددى چاقىرىق....................................125
ئىمان ئەھلىنىڭ قىسىملىرى.........................................129
سەمىمىي بىر رەۋىشتە شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىش........................132

## پەتىۋالار

كافىرلارنىڭ دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ھۆكمى.............................134
جىھاد قىلىش ئەۋۋەلمۇ ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىشمۇ؟........................137
دەۋەتتە يوشۇرۇنلۇق ۋە يوشۇرۇنۇشنىڭ ھۆكمى..............................139
مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ھۆكمى........................144
«ئىلىم بولماي تۇرۇپ جىھاد بولمايدۇ» شۇبھىسىگە جاۋاب....................148
ھىجرەت ھەققىدە چۈشەنچە ۋە بەزى سوئاللارنىڭ جاۋابى.......................153

# قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدا ئائىلەمگە يېزىلغان خەت

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

الله نىڭ ئىسمى بىلەن ...

پۈتۈن ھەمدىلەر الله قا خاستۇر ... رەسۇلۇللاھقا ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم )
سالات ۋە سالام بولسۇن ...

الله تەئالا دەيدۇكى :

« ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر»(6،ئەنئام/17)

« ئەگەر الله ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز الله تىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، الله نىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، الله پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر» (دېيىلدى))»(10،يۇنۇس/107)

قەدىرلىك ئاتىجان ، ئانىجان ، ئايالىم ۋە باللىرىم ! الله تەئالادىن ھەر بىرىڭلارنى ئامان قىلىشنى تىلەيمەن .

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

سىلەرگە خەت يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە ئارسالدى بولدۇم . الله بەخش ئېتىدىغان كەڭچىلىكنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىگە شۈبھەڭلار بولمىسۇن . خېتىم سەۋەبىدىن مېنى قۇتۇلۇشۇم توغرىسىدا ئۈمۈدسىزلەندى دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلاردىن قورقتۇم . ئەسلا ... الله قا قەسەمكى بۇ تولىمۇ قىسقا ۋاقىتتا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ . ھەتتا الله خالىسا ھەر قاچان رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ .ئەمما خالىمىسا ئەلۋەتتە بولمايدۇ ...

ئەمما قۇربان ھېيتنىڭ ھارپىسىدا سىلەرگە ھېيتنىڭ شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك مەنالارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتماقچى بولدۇم . بۇنىڭ بىلەن بىللە الله نىڭ ماڭا زۇلھەججىنىڭ ئونىدا بېغىشلىغان بۇ تەنھالىقىمدا ئۇ چوڭقۇر مەنالارنى ئۆزۈممۇ تەكرارلايمەن . الله تەئالا ماڭا ئاتا قىلغان بۇ يالغۇزلۇق بولمىغان بولسا ئىدى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ، ئۇنى ئەسلەشنى ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشنى بۇنچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولاتتىم . ئەگەر الله تەئالا ماڭا ھېيتنى سىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ قىلىپ قالسا ، ئۇ چاغدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە يۈز تۈرلۈك ئېيتىمەن . ئەگەربۇ بولماي قالسا يەنىلا ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن . چۈنكى الله تەئالا مۆئمىنلەر ئۈچۈن تەقدىر قىلغان ھەر بىر نەرسە ئۇلار ئۈچۈن خەيرلىك . بىرەر ئەجىر بېرىلمەستىن مۆئمىننىڭ پۇتىغا ھەتتا تىكەنمۇ كىرمەيدۇ . بۇ پەقەت مۆئمىنلەر ئۈچۈن شۇنداق .

ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە قىممەتلىك كۈنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز .
مۇسۇلمانلار قۇربانلىق قىلىشنى ئادەت قىلىشقان بۇ مۇبارەك كۈننى بىر ئەسلەتلار .
ئىبراھىم (ئەلەيھىسسالام) ۋە ئەگىشىشىمىزگە بۇيرۇلغان ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئۈممىتىنى
ئەسلەتلار . ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك مەرتىۋىگە قانداق ئۇلاشقىنىنى ۋە ھەقىقەتەن رەھمانىنىڭ
دوستى بولغىنىنى ... ئۇ ، " الله ئەكبەر " كەلىمىسىنى دەل مەنىسى بىلەن
ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ مەرتىۋىگە يەتتى .
ھېيت ئەتىسىگىنىدە ھەممىمىز بىرلىكتە تەكبىر ئېيتىمىز ...
الله ئەكبەر ، الله ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھ الله ئەكبەر ، الله ئەكبەر ۋەلىللاھىل
ھەمد ...
ھاياتىمىزدا بۇ تەكبىرنى ئەمەلىي قوللانمىغان مۇددەتىمىزچە سۆزلىرىمىز
دەرۋىشلەرنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ . پەقەت تىلدىلا قالغان بۇ كەلىمىلەر
مۇسۇلمانىنى الله ياخشى كۆرگەن ۋە پەقەتلا ئۇلاردىن رازى بولغان ئىبراھىمنىڭ
(ئەلەيھىسسالام) ئۈممىتىدىن قىلمايدۇ ... كىشى قاچان "الله ئەكبەر" لەفزىنىڭ مەناسىنى
ھاياتىغا نەقىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياشىغان بولسا مانا ئۇ چاغدا الله (سۇبھانەھۇ
ۋەتەئالا) ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر نەرسىدىن بەك ئۇلۇغ بولىدۇ . ئاتىدىن ، ئانىدىن ،
ئايالىدىن ، ئائىلىدىن ، قەۋمىدىن ، قېرىنداشتىن ۋە پۈتۈن دۇنيادىن بەك قىممەتلىك ...
مانا بۇ ؛ ئىنسانلارغا ئىمام بولغان ، قەۋمىنىڭ دىنىدىن ، مىللىتىدىن يىراقلىشىپ الله
تەئالانى تاللىغان ، ئۇنى ئاتىسىدىن ۋە قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىدىن ئۈستۈن تۇتقان
ئىبراھىمنىڭ (ئەلەيھىسسالام)مىللىتى . ئەسلەتلار ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى :
« سىلەردىن ۋە سىلەر الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن،
پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ
قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» (19،مەريەم/48)
يەنە ئىبراھىم(ئەلەيھىسسالام) بىللە بولغان مۆئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە قەۋمىگە
مۇنداق دېيىشكەن ئىدى :
«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان
بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر
يالغۇز بىر الله قا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ
قالىدۇ»(60،مۇمتەھىنە/4)
ھەقىقەتەن ئىبراھىم(ئەلەيھىسسالام)، ئۇنى "ئىبراھىم!ئەي ئىبراھىم"دەپ چاقىرغان
ئايالىنى ۋە كىچىككىنە پەرزەنتىنى ئېكىنسىز/قۇرغاق بىر ۋادىدا قالدۇرۇپ ئارقىسىغىمۇ
قارىماستىن ماڭغىنىدا الله ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر نەرسىدىن بەك ئۇلۇغ ئىدى ."الله
ئەكبەر"دەپ الله تەئالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان ئىدى .
چۈنكى بۇ الله نىڭ ئۇنىڭغا قىلغان بۇيرۇقى ئىدى . الله نىڭ بۇيرۇقى
ئىبراھىمنىڭ(ئەلەيھىسسالام) نەزىرىدە ، تۇيغۇلىرىدىن ، ھېسسىياتىدىن ۋە ھەر نەرسىدىن
تېخىمۇ ئۈستۈن ئىدى . ئايالى ئىبراھىمنىڭ(ئەلەيھىسسالام) كېتىدىغىنىنى
جەزىملەشتۈرۈپ ئۇنىڭ قايتا ئارقىسىغا يېنىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگىنىدە ئۇنىڭغا " بىزنى
يا بىر سۇ يا بىر يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك بولمىغان بۇ قۇرغاق يەردە قالدۇرۇشۇڭغا سېنى

كىم بۇيرۇدى ؟" دەپ سورىغان ئىبراھىمغۇ "رەببىم"دېگەن ئىدى . ئۇ چاغدا ئايالى "ئۇنداق بولسا ئۇ بىزنى ھالاك قىلمايدۇ"دېدى .[1]

بىر ئويلاپ بېقىڭلار ... ئايالى بۇنىڭ اللە نىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېغىدا ، بىر تەرەپتىن بالىسى يىغلاۋاتقاندا ، نە بىر سۇ نە بىر ئىنسان بولمىغان بۇ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز قېلىشقا ئېتىبار بەرمەستىن "اللە ئەكبەر "سۆزىنى قانداق ئەمەلي تەدبىقلىغىنىنى بىر ئويلاپ بېقىڭلار ... چۈنكى ئۇ اللە نىڭ ھەر نەرسىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلاتتى . بۇنى ھاياتىغا تەدبىقلىغىنىدا نە ئۇنى نە پەرزەنتىنى اللە نىڭ ھالاك قىلمايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم ئىدى ...

ۋە يەنە ... ئىبراھىم "اللە ئەكبەر" دەپ اللە نىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتقان ئىدى . ئوغلىغا مۇنداق دېگەن چېغىدا ئىبراھىمنىڭ نەزىرىدە اللە ئەڭ ئۇلۇغ ئىدى :

« ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى اللە نىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، اللە خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن»(37،سافات/102)

قايسىسى بەكراق ھەيران قالارلىق بىلەلمەۋاتىمەن . ئىبراھىمنىڭ رەببىگە قىلغان ئىتائىتىمۇ ؟ ياكى دادىسىغا ، قۇربانلىق قىلىدىغان چاغدا ئۆزىنى دۈم ياتقۇزۇشىنى ،ناۋادا ئۆزىنىڭ يۈزىگە قاراپ سېلىپ ھېس قىلغان مەرھەمىتىنىڭ ئۇنى اللە نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتىن توسۇپ قويۇشىدىن ھەزەر قىلغانلىقىنى ئېيتقان دەرىجىدە اللە نىڭ ئەمرىگە بويۇن ئەگكەن ئىسمائىلنىڭ سەبرىمۇ ؟

ۋە يەنە ئويلاڭلار ... ھاجەرنىڭ ئىمانىنى ... ئىبلىس كېلىپ ئۇنىڭغا " ئىبراھىم اللە نىڭ بۇيرۇقى دەپ تۇرۇپ ئوغلۇڭنى بوغۇزلايدۇ "دېگەن چېغىدا ؛ " ئەگەر رەببى بۇنىڭغا ئەمىر قىلغان بولسا بويۇن ئەگمەكتىن باشقا بىر ئىش يوق" دەپ "اللە ئەكبەر" لەفزىنى ھاياتىغا قانداق تەدبىقلىغىنىنى بىر ئويلاڭلار ...

---

1 ھەزرىتى ھاجەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ "ئەي ئىبراھىم ! ھېچبىر ئىنسان ۋە نەرسە بولمىغان بۇ ۋادىدا بىر تاشلاپ نەگە بارىسەن؟"دېدى . ئىسمائىلنىڭ ئانىسى بۇسۆزلەرنى ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم تەكرارلىغاندا ئىبراھىم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويماۋاتاتتى . بۇ نۆۋەت " بۇنى ساڭا اللە بۇيرۇدىمۇ ؟" دەپ سورىغاندا ئۇ ، "ھەئە"دېدى . بۇنىڭغا جاۋابەن " ئۇنداق بولسا ئۇ بىزنى پەرىشان قىلمايدۇ"دەپ ئارقىسىغا قايتتى . ئىبراھىممۇ يولىغا راۋان بولدى . نىھايەت ئۇنى كۆرمەيدىغان ئېگىزلىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە يۈزىنى بەيتكە قارىتىپ ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دۇئا قىلدى : " رەببىمىز ! مەن باللىرىمدىن بىر قىسمىنى نامازنى توپتوغرا قىلىشلىرى ئۈچۈن ، سېنىڭ بەيتىل ھەرەمىڭنىڭ يېنىدا ،ئېكىنسىز بىر ۋادىغا يەرلەشتۈردۈم . سەن ئىنسانلاردىن بىر قىسمىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن . ۋە ئۇلارنى بەزى مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىنكى ساڭا شۈكۈر قىلىشسۇن." (بۇخارى، ئەھادىسۇل ئەنبىيا ، 9) ـ تەييارلىغۇچى.

نەقەدەر ھەيران قالارلىق مۇبارەك بىر ئائىلە . ئەر ـ ئايال ۋە ئوغۇل ... ھەقىقەتەن الله ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسىدىن بەك ئۇلۇغ ئىدى . بۇ سەۋەبتىنمۇ الله ئۇلارنىڭ نامىنى چەكسىز قىلدى . چۈنكى مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت ھەجدە ، قۇربان ھېيتىدا ئۇلارنى ئەسلىشىدۇ ۋە ـ الله ( ئوغلىغا فىدىيە قىلىپ ) قوچقار چۈشۈرۈپ بەرگەن چاغدا ئىمامىنىڭ قىلغىنىدەك ـ قۇربانلىق قىلىشىدۇ . ھاياتىمىزنىڭ ھەر ساھەسىدە " الله ئەكبەر " لەفزىنى تەدبىق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە خاتىرلاتقان بۇ كۈننىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ۋە بۇ يولدا بېشىمىزغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە قارىتا سەبىرلىك بولۇشىمىز توغرىسىدا گەپنى ئۇزاتقىم يوق ... ئەگەر ئىبراھىم(ئەلەيھىسسالام)نىڭ الله قا ئىتائەت قىلىش يولىدا ئوغلىنى قۇربان قىلىشى نەزەرگە ئېلىنسا بىزنىڭ جىھاد ياكى تۈرمىگە قامىلىشىمىز تۇپەيلىدىن باللىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزنى ئازادىلىك ئىچىدە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك . بۇ ئايرىلىش الله ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ يولىدا بولغان مۇددەتچە ... ھەم سىلەرمۇ بىلىسىلەر مەن بۇ يەرگە دىنىم ، ئىبراھىم ئۈممىتىگە قىلغان دەۋىتىم ، بۇ ھەقتە يازغانلىرىم سەۋەبىدىن كىردىم . ئەگەر ھېيتنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ قالسام ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە سەبىرلىك بولۇشىڭلار كېرەكلىكىنى ئەسلەتمەكچىمەن . چۈنكى الله تەقدىر قىلغان ھەر ئىشتا مۇسۇلمان ئۈچۈن ياخشىلىق بار ...

سۆزلىرىمدىن بۇ قىممەتلىك ۋە ئۇلۇغ تەكبىرنى پەقەت قۇربان ھېيتىلا خاس دېگەن مەنىدە چۈشەنمەڭلار . ئەكسىچە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى ھەر يەردە ھەر پەيتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك بولىدۇ . مۇئەززىنلەر ھەر كۈنى قېتىملارچە بىزگە بۇ تەكبىرنى ئاڭلاتماۋاتامدۇ ؟ ھەم نامىزىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن باشلىماۋاتامدۇق ؟ ھەر رۇكنىدە ئۇنى تەكرارلاپ ، نامازنىڭ ئارقىسىدىن سالام بەرگەن چېغىمىزدىمۇ تەكبىر ئېيتىپ ، تەسبىھ ۋە الله قا شۈكرى ئېيتماۋاتامدۇق ؟ نامازنىڭ تەكبىر بىلەن باشلىنىشى مۇسۇلمانغا ھەمىشە بۇ بۈيۈك مەنالارنى ئەسلىتىدۇ . ئىبنى قەييىمنىڭ(رەھىمەھۇللاھ) دېگىنىدەك ناماز ئەسناسىدا كىشىنىڭ ھەم بەدىنى ھەم قەلبى بىلەن الله نىڭ ھوزۇرىدا تۇرغانلاردىن بولالىشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇۋاتقىنىدا بۇ تەكبىرنىڭ مەناسىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ . قۇل الله تەئالانىڭ ھوزۇرىدا تۇرغان چاغدا بىلىدۇكى ، ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئۇلۇغ ھېچبىر نەرسە يوق . ھەممە ئىشلارئۇنىڭ ئىلكىدە . قەلب مۇشۇنداق بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندا الله تىن ، ئۇنىڭ ئەزىمىتىدىن ۋە ھەشەمىتىدىن چېكىنىپ باشقىسىدىن ياردەم سورىمايدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا سېغىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ .

« الله ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلار الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر ئەمەس، الله ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»(40،مۇئمىن/20)

ئەگەر كىشى تەكبىرنىڭ ھەققىنى بۇ رەۋىشتە ئادا قىلمىسا رەببىنىڭ ھوزۇرىدا پەقەت بەدىنى بىلەنلا تۇرىۋاتىدۇ ، روھى بولسا ، الله تىن باشقا كىشىلەر ، ئىشلار ۋە ۋەسۋەسىلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىۋاتىدۇ دېگەن گەپ . ئەگەر الله ھەقىقەتەن كىشىنىڭ نامىزىدا ھەر نەرسىدىن ئۇلۇغ بولسا ، ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ ،

قەلبى ئۇنىڭدىن باشقىسىغا مايىل بولمايدۇ .

بەلكىم ئۇنىڭ بۇ مۇھىم مەناسىنى ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى ھەر رۇكنىدە ئېسىگە ئالسۇن ۋە ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەپ نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە تەكبىر ئېيتىلدىغاندۇ. بىر رۇكنىدىن باشقىسىغا ئۆتكەندە تەكبىر بىلەن قىلىنغان بىر ئەسلەتمە ... بۇ ھاياتىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ ئوخشاش ... ھاياتىمىزنىڭ ھەر ساھەسىدە ۋە ھەر زامان تەكبىرنى مۇشۇنداق تەدبىقلىغانغا قەدەر قەلبلىرىمىزنى بۇ رەۋىشتە تەربىيەلىيەلەيمىز ... الله ئەكبەر ۋەلىللاھىلھەمد ...

ئاخىردا قەدىرلىك ئانىجان ، ئاتىجان ۋە ئائىلەم ! سىلەرگە الله تەئالانىڭ بۇ سۆزىنى خاتىرلىتىشنى خالايمەن :

«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»(2،بەقەرە/216)

الله قا قەسەمكى ،مەن بۇيۇك بىر نېئمەت ئىچىدىمەن . بۇ تەنھالىق ئىچىدە اللەنىڭ كىتابى بىلەن بىللىمەن . دۇئالىرىڭلاردا مېنى ئۇنۇتماڭلار . قېرىنداشلىرىمغا ، دوستلىرىمغا سالام ئېيتىڭلار . قەتئىي ھالدا الله تەئالانىڭ بۇ ئايىتىنى بىردەممۇ ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار :

« ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر»(6،ئەنئام/17)

اللەتىن فەزلىنى تىلەيمەن ... ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز ... الله نېمىدىگەن ياخشى مەدەتكار ، نېمىدىگەن ياخشى ياردەمچى ... سالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ئائىلىسىگە ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن ...

سىلەرگە اللەنىڭ سالامى رەھمىتى ۋە بەركىتى بولسۇن .

15رەبىئۇلئەۋۋەل1423

مەخسۇس ئىستىخبارات كامىرى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# جىھاد ياشلىرىغا!

( ماھىيادىكى ئەھلى سەلىبكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان « بەدرۇر رىياد» غازىتىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن شەھىد ئەلى بىن ھەمىد ئەل ھەربىنىڭ ۋەسىيىتى )

ھەمد، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇد ۋە سالام، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنچىسى مۇھەممەد مۇستافاغا بولسۇن...

بۇ ۋەسىيىتىمنى، جىھاد مەيدانلىرىدا اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىۋاتقان بارلىق مۇجاھىد ياشلارغا قىلىمەن. بولۇپمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلى مۇجاھىدلىرىگە...

ۋەسىيىتىمنى مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانلىرىدىن باشلايمەن ۋە مۇنداق دەيمەن:

، الله (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) دەيدۇكى:

« كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، الله ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.»( ئەنكەبۇت : 6 )

« ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ.(سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللەغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر،الله ھەرنەرسىگە قادىردۇر.» ( تەۋبە : 39 )

سىلەرگە الله (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) ۋەسىيەت قىلغان ئىش بىلەن ۋەسىيەت قىلىمەن ۋە « (ئى مۇئمىنلەرجامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، اللەنىڭ يولىدا مېلىڭلاربىلەن ، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەرئۈچۈن ياخشىدۇر.» ( تەۋبە : 41 ) دەيمەن.

يەنە سىلەرگە ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋەسىيەت قىلغان نەرسە بىلەن ۋەسىيەت قىلىمەن ۋە « مۇشرىكلارنى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىڭلار!» دەيمەن.

ئەي الله يولىدىكى قېرىنداشلىرىم !

ھېچ شۈبھىسىز الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) بىزدىن دىنىغا ياردەم قىلغان قىلمىغانلىقىمىزنى ۋە كېچە كۈندۈز ئېقىتىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ ھېسابىنى

سورايدۇ. ئۇلارنىڭ قانلىرى باشقا بىر سەۋەبلىك ئەمەس، پەقەت ئەزىز ۋە ھەمد بولغان اللەقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئېقىتىلىۋاتىدۇ. شۇنداق ئىكەن ، الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) بىزدىن بۇنىڭ ھېسابىنى سورىمايدۇ دەپ گۇمان قىلىۋاتامسىلەر؟ بۇگۈن بىز ھەرەمەيندە ( مەككە ۋە مەدىنە) الله نىڭ دۈشمىنى بولغان ۋە كىرىستكە چوقۇنىدىغان خىرىستىيانلارنىڭ ئافغانىستان، ئىراق ياكى باشقا يەرلەردە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى شەخسەن ئاڭلاۋاتىمىز ۋە كۆرۈۋاتىمىز. يەنە ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىمىزدە ماللىرىمىزنى خاراب قىلىۋاتقانلىقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە يوق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ‹ ئالئ سەلۇل › ( يەنى سەئۇدى ئائىلىسى ) نىزامىنىڭ ( الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن) مۇنافىق خىزمەتچىلىرىنىڭ يەتۇالرى بىلەن قىلىشىۋاتىدۇ.

ئەي قېرىنداشىم !

ئېھتىھان بەك چوڭ ۋە خەتابلار قاتتىق ! ئۇنداقتا دەرھال ئورنىڭدىن تۇر ۋە الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنالىشىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم قىلىشقا ئاتلان! چۈنكى ئىسلام ، سىلەرنى مۇشۇنىڭغا چاقىرىۋاتىدۇ ۋە ئۇممەت سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارنى كۈتىۋاتىدۇ. بۇنى سىلەردىن الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ۋە دىنىغا ياردەم قىلىشىڭلارنى، ئاجىزلارنى قوغدىشىڭلارنى ۋە ياردەمچى بولۇشىڭلارنى بۇيرۇۋاتىدۇ.

ئەي قېرىنداشىم !

بىلگىنكى ساڭا بېرىلگەن جان بىر . ئۇنى نېمىشكە الله يولىدا خەجلىمەيسەن؟ سەن نەفسىڭنى اللەنىڭ ھوزۇرىدا دەپ ھېسابلا ۋە بىلگىنكى الله نىڭ ھوزۇرىدا بولغانلار ياخشىراق ۋە ئەبەدىيدۇر. ئۇنداقتا شەھىدلىك يولىغا ماڭغىن ۋە ئۇ يولدا سەندىن بۇرۇن مېڭىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىڭغا قوشۇلغىن!

ئەي اللەنىڭ سۇۋارىلىرى( ئاتلىق ئەسكەرلەر)! ھۇررا، ئاتلىرىڭلارنى مېنىڭلار ! چۈنكى الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)نىڭ دۈشمەنلىرى، قەدەم بېسىشىمۇ ھارام بولغان مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشتى. ئۇ يەردە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانلىرىنى ئېقىتىشتى ياكى نۇرغۇنىنى بۇ شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمدىلىكتە بىز مۇشۇ ۋەزىيەتتە جىھادنىڭ پەرز ئەين ياكى پەرز كۇپايە ئىكەنلىكى ھەققىدە تارتىشىمىزمۇ؟ ئەي قېرىنداشىم سەن بۇ تارتىششلاردىن ئۆتۈپ كەتكىن ـ دە الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ يولىدا جىھادقا يۈگۈرگىن! جىھاد قىلىشتىن مەقسىتىڭ ياخشى سۆزلەر ۋە مەدھىيەلەرنى ئاڭلاش ياكى غەنىمەتكە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى اللەنىڭ رازىلىقىنى ۋە شەھىدلىكنى قازىنىش بولسۇن.

ئەي قېرىندىشىم ئەمدى سەن قەدەملىرىڭنى يا قېرىنداشلىرىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالسەن ياكى ئۇلارنى تەرك قىلىش ئۈچۈن... ئەگەر سەن قېرىنداشلىرىڭنى ياردەمسىز تاشلاپ قويساڭ اللە ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)مۇ سېنى يالغۇز تاشلاپ قويىدۇ. ئەمما قېرىنداشلىرىڭغا ياردەم قىلساڭ اللەمۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

«ئەگەر اللەسىلەرگە ياردەم بەرسە، ھېچ كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر اللە سىلەرگە ياردەمنى تەرك‌ئەتسە، اللەدىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۇئمىنلەر يالغۇز اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى اللەغا تاپشۇرسۇن).»( ئالئىمران : 160 )

ئەي قېرىندىشىم ئۆز نەفسىڭ ئۈچۈن اللە ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)دىن قورق ! ھالىڭنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشقىن! چۈنكى ئۇممەتنىڭ ساڭا ئوخشاش كىشىلەرگە ئېھتىياجى بار. ئەگەر ۋاقتىدا تەدبىر قىلمىساڭ ۋە بوشاڭلىق قىلساڭ ۋاقىت قالماسلىقى مۇمكىن.

« ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، اللە (ئۇنىڭ ئورنىغا) اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇاللەنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كافىرلارغا شەپقەتسىز، اللەنىڭ يولىداجىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اللەنىڭ پەزلىدۇركى، اللە ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، اللە (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.» ( مائىدە : 54 )

ئۆلتۈرگۈچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىدىن ۋە يالغۇز تاشلاپ قويغانلارنىڭ يالغۇزلىقىدىن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان اللە قا سىغىنىمەن. قىيامەت كۈنىدە اللە نىڭ ھوزۇرىدا ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىمىز، اللە ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلغۇچى بولىدۇ . ھېچ شۈبھىسىز ئۇ ، ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

اللە يولىدا غەيرەت كۆرسىتىۋاتقانلارغا مۇنداق نىدا قىلىمەن :

ئەي يىگىتلەر، كۆزۈڭلار رۇشەن ! سىلەرگە خۇش بىشارەت بولسۇن ! سىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى بولغان ساھابى كىرامنىڭ ساۋابىنىڭ ئەللىك ھەسسىسى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن...

كىشىلەر ئۇلتۇرغاندا سىلەر تۇردۇڭلار ۋە جىھادقا ئاتلاندىڭلار. ئۇلار دىننى تەرك قىلىشقاندا سىلەر دىنغا ياردەم قىلىشقا ئاتلاندىڭلار. كىشىلەر شۈبھە قىلىشقان كۈنگە سىلەر چىن قەلبىڭلاردىن ئىمان ئېيتتىڭلار. كىشىلەر قورققاندا سىلەر جەسۇر بولدۇڭلار. سىلەر نەقەدەر بەختلىك ! خۇش بىشارەتلەر بولسۇن...خۇش بىشارەتلەر بولسۇن!

الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ خۇش بىشارىتى بىلەن بىشارەت ئېلىخلاركى ئۇ ، مۇنداق دېگەن :

« پەرۋەردىگارىئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردەمەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار.» ( تەۋبە : 21،22)

رەسۇلۇللاھ ( ئەلەيھىسسالام ) نىڭ خۇش بىشارىتى بىلەن بىشارەت ئېلىخلاركى ئۇ مۇنداق دېگەن : « الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) مۇجاھىدقا جەننەتتە يۈز دەرىجىنى ۋەدە قىلدى. بۇ دەرىجىلەرنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئارلىقى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىچىلىك كېلىدۇ.» (بۇخارى)

سىلەر نەقەدەر بەختلىك! سىلەر الله ئۈچۈن ئۆلۈمنى تەلەپ قىلدىڭلار، اللەمۇ سىلەرگە تۈگىمەس نېئمەتلەر ئىچىدە ئەبەدى بىر ھاياتنى بەخش ئەتتى. سىلەر نەقەدەر بەختلىك! ئۆلۈم بىلەن ئۇچراشتىڭلار، سىلەرگە ئۆلۈمنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقى سۈيىتىدە بىر چىمدىق ئاغرىقتىن باشقا بىرەر ئاچچىق ھىس قىلمىدىڭلار.

سىلەر نېمىدېگەن بەختىيار رەسۇلۇللاھ (ئەلەيھىسسالام)نىڭ يارەنلىرى! سىلەر فىردەۋس جەننەتلىرىدە پەيغەمبەرلەر، ساھابىلەر ۋە سالىھلار بىلەن ھەمرا بولىسىلەر. سىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكىسىلەر. سىلەر ، الله ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يولىدا ئۆلۈمگە قورقۇمسىزلارچە يول ئېلىۋاتىسىلەر.

ئاخىردا سىلەرگە الله قارىتا مۇتتەقى بولۇشنى ، ئۇنى داۋاملىق زىكىر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەمىرلىرىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار! اللەنىڭ كالامىنى بولۇپمۇ تەۋبە ۋە ئەنفال سۈرىلىرىنى مەنىسىنى تەپەككۇر قىلغاچ كۆپلەپ ئوقۇپ تۇرۇڭلار! رەسۇلۇللاھ ( ئەلەيھىسسالام)نىڭ ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھاياتىنى ئوقۇڭلار. يەنە بىزدىن ئىلگىرى كېلىپ كەتكەن خەتتاب ، شەيخ ئەبۇ ھەفس، ھەمزە ئەززۇبەير، شەيخ ئىبەيرى قاتارلىق قەھرىمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئوقۇڭلار!

الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)دىن ھەممىمىزنى رەھمىتىنىڭ بىرلەشكەن جايىدا جەم قىلىشنى تىلەيمەن.ۋەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن...

جىھادنىڭ نىداسى ژورنىلى

ھ 1424 / زۇلقەئدە (7 ـ سان)

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ئىسلامدا دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئەقىدىسىنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

ئەبۇ بەسىير ئەتتەرتۇسى

بۇ سوئال، كۆپلىگەن ئىنسانىنىڭ ئاغزىدا تەكرارلىنىۋاتىدۇ. ئىسلامدا ، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئەقىدىسىنىڭ بۇ دەرىجىدە تەكىتلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئادەم بالىسى بولغان بىزلەر، دىن ۋە ئەقىدە ئايرىمچىلىقىنى تاشلاپ نېمشكە قېرىنداش بولمايمىز؟

بۇ قېلىپلاشقان سۆزلەر خېلىلا تارقالغان بولۇشىغا قارىماي، قىلمىشتا تەدبىقلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان خىيالى ۋە باتىل تەلەپلەردۇر. بۇ شۇنداقكى:

دەسلەپ بولۇپ: دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك بېغىنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئاللاھقا بولغان ئىمان ئۈستىگە قۇرۇش،ئاللاھۇ تەئالانىڭ ، نەبى ۋە رەسۇللارنىڭ تىلى ئارقىلىق قۇللىرىغا بىلدۈرگەن دىندىن ئىبارەت. ئاللاھۇ تەئالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام دائىرىسىدە قېلىشنى خالىغان كىشىنىڭ بۇ ئەقىدىنىڭ سىرتىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلە بۇ تەرىپى بىلەن، ئىسلام ياكى ئىسلام بولماسلىق مەسىلىسى...كۇفرى ياكى ئىمان!

ئىككىنچى بولۇپ : شەخسەن ئۆز زاتى نامىدا دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك بېغى ئورنىتىلغان كىشى ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. كىمكى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلسا، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسە ۋە ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەنلەشسە، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر. كىمكى بۇلارنى ئاللاھتىن غەيرىسى ئۈچۈن قىلسا ، ئۇ ئاشۇ غەيرىنىڭ قۇلىدۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە ( رەھىمەھۇللاھ ) مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھۇ تەئالادىن باشقا ، مەۋجۇداتلار ئىچىدە ھېچكىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلىشى دۇرۇس ئەمەس. پەقەت ئاللاھۇ تەئالالا زاتى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلىدۇ. بۇ،ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتىنىڭ مەناسىدا بار. ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتىنىڭ تەرتىپى ) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى.» ( ئەنبىيا :22)
ھەقىقەتەن بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش شېرىكتۇر. ئاللاھۇ تەئالادىن باشقا ھېچكىم ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرەلمەيدۇ،بۇ،ئۇنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھۇ تەئالادىن باشقا ياخشى كۆرۈلگەن نەرسە، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلمىسە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت بۇزۇقتۇر.» ( مەجمۇئۇل فەتىۋا 10/ 267 )

بۇ تەرىپى بىلەن دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ، تەۋھىد ۋە شېرىكتۇر. شېرىك بولسا چوڭ بىر زۇلۇم ۋە يىگانە بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىنساننىڭ قىممىتىنى ، مەخلۇققا ئىبادەت قىلىش پەسكەشلىكىگە چۈشۈرىدۇ.

ئۈچىنچى بولۇپ : ھەقنىڭ ۋە باتىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى، باتىلنى ھەق بىلەن ۋە يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن يوق قىلىش، ئاللاھۇ تەئالا ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخلۇقاتلارنى ياراتقان فىترەتتۇر. باتىل، باتىللىقنى ۋە ئازغۇنلىقنى داۋام قىلغان جەرياندا ھەق بىلەن بىرلەشمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ. ھەقمۇ، ھەق ئىكەنلىك سۈپىتىنى يوقاتمىغان جەرياندا باتىل بىلەن ماسلاشمايدۇ. بۇلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئىمكانىيىتى يوق. ئەگەر ھەق ۋە باتىل بىر يەرگە كەلگەن بولسا ئىدى، ھاياتلىق پاساتقا ئۇچرىغان، قۇللارنىڭ يۇرتلارنىڭ مەسلىھەتلىرى يوق بولاتتى. ئاللاھۇ تەئالانىڭ دېگىنىدە...

« ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەنبولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللەنىڭنامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى» ( ھەج : 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

« (ئى مۆئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، اللەنىڭ يولىداجىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىنبىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆزدەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللارۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر» ( نىسا : 75 )

«”ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى، باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ“دېگىن» (ئىسرا : 81 )

« بىز ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلىمىز، ھەق باتىلنىيوقىتىدۇ، باتىل ناگاھان يوقىلىدۇ، (ئى كۇففارلار جامائەسى! اللەنى بالىسى بار، خوتۇنىبار دەپ) سۈپەتلىگەن سۆزۈڭلاردىن سىلەرگە ۋاي!» ( ئەنبىيا : 18 )

«الله ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ»(رەئد: 17 )

ھەق بىلەن باتىل، داۋاملىق بىر جەدەل ئىچىدە بولىدۇ، تاكى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ، يەنە بىرى بىلەن بىرلىكتە ياشاش ياكى دوستلۇق ئىچىدە بولۇش ئېھتىمالىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ!

تۆتىنچى بولۇپ : ھەق بىلەن باتىل ئۆچۈن بولغان پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ، پەقەتلا ئىنسان بولغانلىقى ئاساسىدا ـ خۇمانىزم ـ بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈشى ، فىئىلىياتتا ( قىلمىش، قىلىنىدىغان ئىش ) ئەسلا بىرلىشەلمەيدىغان بىر خام خىيالدۇر.

ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ» ( بەقەرە : 217 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

«مۇشرىكلار ئەھدىسىگە قانداقمۇ ۋاپا قىلسۇن؟ ئەگەرئۇلار سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلبە قىلسا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نە تۇغقانچىلىقنى، نەئەھدىگە رىئايە قىلمايدۇ. سىلەرنى ئېغىزلىرىدا خوش قىلىدۇ، دىللىرىدا (ۋەدىسىدە تۇرۇشنى) خالىمايدۇ (يەنى ئاغزىدا چىرايلىق سۆزلىگىنى بىلەن كۆڭۈللىرى ئاداۋەت، نىفاق بىلەنتولغان).ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر» ( تەۋبە : 8 )

«سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە ئۇلارسەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ» ( بەقەرە : 120 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

بۇ ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر، باتىل فىرقىنىڭ ، ھەق ۋە ھەق ئەھلىنى تويتۇلۇق قولغا كىرگۈزمىگۈچە، قىلتاق، ئۇرۇش ۋە جەڭ تەييارلىقلىرىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىغا دالالەت قىلىۋاتماقتا.

كۈنىمىزدىكى ۋەقەلەر ، قۇرئان كەرىمدە كەلگەننى بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى راستقا چىقىرىۋاتىدۇ. يېقىنقى ئۆتمۈشتە، بۇسنىيە ھېرسەكتىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قەتلىئاملار، بۈگۈنكى كۈندە بولسا ، چېچەنىستان ۋە پەلەستىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ بېرىلغان قەتلىئاملار، ئافغانىستان، ئارتېرىيە، كەشمىر، فىلىپىن ۋە ھىندونوزىيەدىكى مۇسۇلمانلارغا قىلىنغانلار، بۇلار پەقەت بۇيەردە سانىيالىغانلىرىمىز. شۇ دەرىجىدىكى ، كۇفرى ۋە نىفاق مىللەتلىرىنىڭ نەپرەتلىرى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار ئەلەم ۋە پەرياد چېكىۋاتماقتا...

بەشىنچى بولۇپ : ئىنسان بولغانلىق ئاساسىدا بىر يەرگە كېلىش دەۋاسى، ئادالەت بىلەن زىتلىشىدۇ. چۈنكى بۇ دېگەنلىك، زېمىندىكى ئەڭ كافىر ۋە ئەڭ گۇناھكار ئىنسانلار بىلەن ، زېمىندىكى ئەڭ مۇتتەقى ئىنسانىنى ۋە يەنە زېمىننى پاساتقا ئۇچراتقان زالىم بىلەن زېمىننى ئىسلاھ قىلغاننى تەڭ دەرىجىدە كۆرۈش مەناسىنى بېرىدۇ. بۇ بولسا ، زۇلۇم ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« مۇئمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس» ( سەجدە : 18 )

« بىز مۇسۇلمانلارنى كافىرلاربىلەن باراۋەر قىلامدۇق؟ » ( قەلەم : 35 )

« ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەريۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاشقىلامدۇق؟» ( ساد: 28 )

ئالتىنچى بولۇپ : ئىسلامدىكى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئەقىدىسى ، تىل ، ئېرىق ۋە رايون پەرقىگە قارىماستىن پۈتۈن ئىنسانلارنى بۇ ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ : مۇئمىن ۋە كافىر...

هالبۇكى باشقا ئەقىدىلەردە ئىنسانلار ، بىر بىرىدىن نەپرەتلىنىدىغان يۈزلىگەن گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئىنسانلارنى ئەڭ ئاز پارچىلاش ئارقىلىق بىر يەرگە كەلتۈرگىنى ـ ئىسلامدۇر.

يەتتىنچى بولۇپ : ئىسلامدا ئۈستۈنلۈكنى بەلگىلىگەن مىزان ؛ تەقۋالىقتۇر. ئىنسانلارنىڭ تىلىغا ، ئېرىقىغا، يۇرتىغا ۋە رەڭگىگە قارىماستىن پەقەت تەقۋالىق ئۈستۈنلىكىگە ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇ بولسا، ئىنسانلارنى نۇرغۇنلىغان پەرقلىق گۇرۇپپىلارغا ئايرىغان ۋە ئۈستۈنلۈك ئۆلچىمى ھەمىشە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىنسانى سىستېمىلارنىڭ ئەكسىچىدۇر.

سەككىزىنچى بولۇپ : ئىسلامدىكى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئەقىدىسى، ئۈممەتنى ھەر تۈرلۈك ئەسكىرى ۋە مەدەنىي ھۇجۇملاردىن قوغدايدىغان بىر قەلئەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ ئەقىدە يەنە ، ئۈممەتنى گۇناھكار كافىرلاردىن ئايرىپ تۇرغان بىر قەلئەدۇر...

ئۈممەتكە، پەلەستىن زېمىنلىرىدا سىيونىست دۆلىتىنى قوبۇل قىلماسلىققا ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا تۈرتكە بولغان ئامىل شۈبھىسىزكى بۇ ئەقىدىدىن باشقىسى ئەمەس. ئەگەر سىيونىست يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسى، ئىسلامغا سەمىمىي بىر رەۋىشتە كىرگەن بولسا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكى داۋام قىلارمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق...چۈنكى بۇ ۋەزىيەتتە ھەممە مۇسۇلمانلار ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدۇ :

« مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن ( دىندا ) قېرىنداشلاردۇر » ( ھۇجۇرات : 10 )

زېمىندا ، ھايات بولغانلار بىلەن ئۆزىدە ھايات ئىكەنلىك ئىشارىتى قالمىغان ياشاۋاتقان ئۆلۈكلەر ئارىسىدىكى پەرقنى ئويلاپ باق... كۆرىسەنكى، تىرىكلەر ، ياشاۋاتقان ئۆلۈكلەرنىڭ ئەكسىچە دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك قەلئەسىگە باغلىق قېلىپ قالغانلاردۇر.

بۇ سەۋەپتىن ئاللاھۇ تەئالانىڭ دۈشمەنلىرى، مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئەقىدىسىنى يوق قىلىشقا ۋە بۇ ئەقىدە ئورنىغا ئىنتايىن ئاجىز بولغان بىر قاتار جاھىلىيەت دوستلۇقلىرىنى دەسسىتىشكە تىرىشۋاتماقتا. ئەگەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا،شۈبھىسىز ئىشغالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈلار ئۈچۈن تېخىمۇ بەك ئاسانلىشىدۇ.

توققۇزىنچى بولۇپ : كۇفرى مىللەتلىرى ۋە تاغۇتلار بىزلەرگە قارشى قانداق دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان ۋە نەپرەتلىنىۋاتقان بولسا، بىزنىڭمۇ ئۇلارغا قارىتا دۈشمەنلىك قىلىشىمىز ۋە نەپرەتلىنىشىمىز ئەڭ تەبىئىي ھەققىمىزدۇر.

ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار» ( تەۋبە : 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

مۇئمىنلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: « ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا...» ( شۇرا : 39 ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

ئىبراھىم ئەنندەي مۇنداق دەيدۇ : « ئۇلار كەمستىلىشنى يامان كۆرەتتى، كۈچ يەتكۈزەلىگىنىدە بولسا ( كىشىلەرنى ) ئەپۇ قىلاتتى.»

ئۇلار، باتىللىرى ، كۇفرلىرى ۋە دۇنياۋى ھېرىسمەنلىكى سەۋەبى بىلەن بىزگە قارشى دۈشمەنلىك قىلىشىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. بىز بولساق، ھەق ۋە ھىدايەت نۇرىنى ، زېمىن ۋە ئاسماننىڭ جەننەتلىرىنى كۆرستىش ئۈچۈن دۈشمەنلىك قىلىمىز. بۇ دۈشمەنلىك، ھەقىقەتتە خەيرلىك بىر دۈشمەنلىكتۇر. ئېھتىمال بۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن بىر سەۋەب بولار.

ئاللاھۇ تەئالانىڭ دېگىنىدەك : « ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭبىلەن بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارقەۋمىگە :«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىنئادا ـ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللەغائىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى» ( مۇمتەھىنە : 4 )

بۇ دۈشمەنلىكنىڭ سەۋەبى دۇنيا ھېرىسمەنلىكى ياكى قۇلنىڭ قۇلغا قۇللۇق قىلىشى ئەمەس. بۇ دۈشمەنلىك ئۇلار يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتسا ، بۇ دۈشمەنلىك ئۆزىنىڭ ئورنىنى كېلىششكە ۋە نەپرەت بولسا ئورنىنى سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىققا قالدۇرىدۇ... ئاللاھۇ تەئالانىڭ دېگىنىدەك : « ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات

بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر)» ( تەۋبە : 11 )

ئۇلارغا قىلغان دۈشمەنلىكىمىز ئىبادەت ۋە ھەركىم ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىشتۇر. ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان دۈشمەنلىكى بولسا شېرىك، كۇفرى ۋە ھەركىم ئۈچۈن يامانلىقنى ئارزۇ قىلىشتۇر.

ھەمد ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ئىمتىھان غەلبىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن...

ئەبۇل فىدا

«بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋەماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيانبىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋرقىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.» ( بەقەرە : 155 )

«ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قۇيۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (ئەنكەبۇت : 2ـ 3)

ئىمتىھان قىلىنىش ئۈچۈن يارتىلغان بىر مۇئمىننىڭ قىيىنچىلىقسىز بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ھەقىقەتەن ئىمتىھان مەۋجۇت بولغان يەردە دەرد ۋە قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولىدۇ. مۇشەققەتنى ۋە جاپاسى بولمىغان بىر ئىمتىھان ، ئومۇمەن ئىمتىھان ئەمەس . ياكى ئىمتىھان دەپ ئاتالالمايدۇ. ئۇنداقتا جەننەت يولىدا بېرىلىدىغان ئىمتىھان ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ قاتتىق ئىمتىھاندۇر. ئەمما جەننەت يولىدا ئىمتىھانغا كىرمىگەن كىشىلەر، تولىمۇ ئاددى ۋە قەدىرسىز ئىمتىھانلارغا دۇچار قىلىنغانلاردۇر. ھەتتا شۇنداقكى ، كىشىلەر مۇپتىلا بولغان بۇ خىلدىكى ئىمتىھانلارغا كافىر بولغانلارمۇ كىرىشىدۇ . بۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سۈننىتى. ھەقىقەتەن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار، بۇ تۈرگە كىرگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىھان قىلىنغانلىقىنى سانىغان بىچارە كىشىلەردۇر. قاراپ باقسىڭىز بىرەر كېسەللىك ۋە پېقىرلىق سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە دەردى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ھالبۇكى بۇ تۈردىكى ئىمتىھانلار ھەر ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن ئىمتىھانلاردۇر. بۇ تۈردىكى ئىمتىھانلار، ئىمتىھان ئەمەس ، بەلكى ئىنسانلارنى بىر بىرىدىن ئۈستۈن قىلىش ۋە ئىنسانلارغا بېرىلگەن نېئمەتلىرىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشىنىلىشى ۋە ئىنساننىڭ كاللىسىنى سىلكىۋېتىشى ۋە پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈندۇر.

«الله سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزقتا ئۈستۈن قىلدى...»(نەھل :71 )

«ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغاقارىغىن...»(ئىسرا:21)

ئۇنداقتا ، مۇئمىن قانداق ئىمتىھان قىلىنىدۇ؟

ئاللاھۇ تەئالا، ئۇلۇغ يولباشچىمىز قۇرئاننىڭ نۇرغۇن يېرىدە تىلغا ئالغان ئىمتىھان نېمە؟

شۈبھىسىزكى ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسى، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈندۇر. بۇ ئىبادەت ۋە ئىتائەت قارشىسىدا نۇرغۇن توسالغۇلار قويۇلغان ۋە نەتىجىدە ھەدىس شەرىفلەردە ئېيتىلغىنىدەك ؛ قۇلنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بولغان مېلىنى ( جەننىتىنى) كۆپلىگەن توسالغۇلارنى ئېشىپ قولغا كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولۇشى تەمىن ئېتىلگەن.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇنداق دەيدۇ:

« كىم قورقسا ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يول ئالىدۇ. كىم كېچىسى يول ئالسا نىشانىغا بارىدۇ . دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ مېلى قىممەتتۇر! دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ مېلى جەننەتتۇر!» (تىرمىزى)

ئەلۋەتتە ھەر مۇئمىن كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى بىر مۇئمىن، بارلىق ئادىمىزاتنى قارشىسىغا ئالغان ۋە اللەنىڭ تەرەپتارلىقىنى قىلىۋاتقاندا . خۇددى ئەنسارىلاردىن بەزىلىرىنىڭ كىشىلەرگە دېگىنىدەك ۋە ئاگاھلاندۇرغىنىدەك ؛ سىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىڭلار پۈتۈن ئەرەپلەرنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى قارشى تەرىپىڭلارغا ئالغانلىقىڭلاردۇر . ئۇنىڭغا كۆرە قارار قىلىڭلار ، بۇ قارار ئاددى ۋە ئاقىۋىتى ئاسان بولغان بىر قارار ئەمەس...

اللەنىڭ تەرەپدارلىقىنى قىلغان كىشى جەزمەن كۆپ سانلىقنى ئۆزىنىڭ قارشىسىغا ئالىدۇ . كۆپ سانلىقنى قارشىسىغا ئالغان كىشى بولسا جەزمەن تولىمۇ قاتتىق بىر ئىمتىھانغا دۇچ كېلىدۇ. پەرۋەردىگارىمىز كۆپ سانلىقنىڭ ھەر قاچان بىلمەيدىغانلىقىنى ، گۇمانغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ياكى شېرىك قوشۇدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ياكى كۆپ سانلىققا ئەگەشكەن كىشىنىڭ كۆپ سانلىقلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

«...لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭتولىسى بىلمەيدۇ.» ( ئەنفال : 34 )

«...ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئىتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ» (يۇنۇس : 36 )

«...لېكىن ئۇلار (يەنى ئىنسانلار) نىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.» ( يۇنۇس: 55 )

«ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشلەر (يەنى كۇففارلار) گەئىتائەت قىلساڭ ،ئۇلار سېنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ.» ( ئەنئام : 116 )

مانا پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەرمانى ئاشكارا . مۇئمىن : كۆپ سانلىقنىڭ قارشىسىدا يىگانە ۋە مۇستازئاف بىر مۇۋاھھىد بولىدۇ...

لېكىن بىر مۇئمىنگە ئۇمىد بەرگەن ۋە قەدەملىرىنى يەرگە پۇختا بېسىشىغا ياردەمچى بولغان ئىشلاردىن بىرى بولسا ؛ تارىختىن بۇيان مۇئمىنلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە اللەنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ قەدىرلىك قۇللىرى بولغان ئۇنىڭدىن باشقا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا كاپالەت قىلىنغان كىشلەرنىڭ ، پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ خىل ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولىشىدىن ئىبارەت. بىر مۇئمىن ئارقىسىغا شۇنداق بىر بۇرۇلۇپ قاراپ باقسا ، ئۆزى ئۇستىدە تۇرىۋاتقان بۇ مۇشەققەتلىك يولدا نەچچىلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بەزىلىرى ئوتقا ئېتىلغان ، بەزىلىرى تۇرمىگە تاشلانغان ، بەزىلىرى يۇرتىدىن قوغلانغان ، بەزىلىرى بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بەزىلىرى بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ۋە باشلىقلىرىمىزغا ئوخشاش نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان ۋە ھەتتا نۇرغۇن قېتىملاپ سۈيقەستلەرگە يولۇققان.

ساھابىلەردىن سەئد ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) رىۋايەت قىلىدۇ : مەن دېدىمكى : ئى رەسۇلۇللاھ ، كىشىلەرنىڭ بالاسى/ ئىمتىھانى ئەڭ قاتتىق بولغىنى كىم ؟ ئېيتتىكى :

« پەيغەمبەرلەر ۋە ئاندىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم مۇئمىنلەردۇر . كىشى ، دىنىغا كۆرە بالاغا ئۇچرايدۇ/ ئىمتىھان قىلىنىدۇ. دىنى كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولسا بالاسى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ . دىنىدا ئاجىزلىق بولسا ، دىنى مىقدارىچە بالاغا يولۇقىدۇ/ئىمتىھانغا دۇچ كېلىدۇ . بالا ئۇ كىشىنى داۋاملىق ئىزلەيدۇ . نىھايەت ئۇنى قويۇپ بەرگەنگە قەدەر ، بۇنىڭلىق بىلەن قول زېمىندا خاتاسى بولمىغان ھالدا يۈرىدۇ.» ( سۈننەن ئىبنى ماجە 3249 )

ئۇنداق بولسا : « مەن مۇئمىنمەن ۋە پەيغەمبىرىمنىڭ يولىغا ئەگىشىمەن » دېگەن ھەر بىر مۇئمىن : چۇقۇم پەيغەمبەرلەر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە يولۇقىدۇ . قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە يولۇقمىغان بىر مۇئمىن بولسا ، ھەقىقي مۇئمىن ئەمەس.

بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) نىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئى رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن دېدى . اللەنىڭ ئەلچىسى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) : ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭ ، بالاغا

سەبىر بىلەن تەييارلانغىن . قەسەم قىلىمەنكى ، مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە بالا ، چوققىدىن جىلغىغا ئاققان سۇدىن تېز كېلىدۇ دېدى . ( سىلسىلە سەھىھە 1586 )

ئومۇمەن ، بىر مۇئمىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن شىددەتلىك بالا، مۇسىبەت ۋە ئىمتىھانلار ، ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋە يۈكسەك بىر ئىمانغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى . بالا ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ئازلىقى بولسا ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىراۋنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە بالالار قانچىلىك دەرىجىدە ئاز ۋە ئاجىز بولسا ، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانىمۇ شۇ دەرىجىدە ئاجىز ۋە ئازدۇر.

ئەسلىدە بۇنىڭ مەناسى مۇنداق ؛ بىر مۇئمىن اللەنىڭ سۆزىنى زېمىندا ھاكىم قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك مەشغۇل بولسا شۇ دەرىجىدە ئىمتىھانلارغا يولۇقىدۇ ۋە قانچىلىك ئاز دەرت تارتسا ۋە قانچىلىك ئاز كۈرەش قىلغان بولسا ئاقىۋەتتە ئۇ كىشىنىڭ دەردى ۋە قىيىنچىلىقىمۇ ئاز بولىدۇ . مانا شۇنداق كىشىنىڭ ئىمتىھانى ئۇنىڭ دەۋاسىغا ئىگە بولغان مىقداردا بولىدۇ . كىمكى ئۆزىنىڭ دەۋاسىغا مەھكەم يېپىشسا ئۇ كىشى ئەڭ بەك دەرت تارتقۇچى ۋە مۇشەققەتلەر چەككۈچى كىشىدۇر.بۇ ھەدىسلەرنىڭ ۋە ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ئەسلىدە مۇشۇنداقتۇر.

كىمكى ، بۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىق ، بالا ۋە مۇشەققەت بىلەن ئىمتىھان قىلىنمىغان بولسا ، ئۇ كىشى ئۆزىنى ھېسابىغا تارتىشى كېرەك . چۈنكى بىز يۇقىرىدا سۈنغان ھەدىسلەردىن ۋە ئايەتلەردىن چۈشىنىلدىغىنىدەك ، بۇ دىن قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەر يۈكلىنىدىغان بىر دىندۇر . بۇ دەۋا مۇشەققىتى ۋە قىيىنچىلىقلىرى كۆپ بولغان بىر دەۋادۇر . ئەمما قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاخىرىنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك . ئومۇمەن تارىختىن بۇيان بۇ مۇشەققەتلەرنى چەككەنلەرنىڭ ھەر قاچان مەۋجۇت بولۇشىمۇ ئەسلىدە بۇنىڭغا باغلىق ...

اللەنىڭ « رازىلىقى » ۋە « جەننەت » ...

بۇ ھەقىقەت تارىختىن بۇيان مۇشۇنداق بولغان . كۇفرى ۋە ئىسلام ئارىسىدىكى جەڭ ۋە كۈرەش زېمىندا فىتنە ـ شېرىك ۋە كۇفرى قالمىغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ :

« تاكى زىيانكەشلىكتۈگىگەن ۋە اللەنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار : ئەگەر ئۇلارئۇرۇشنى توختاتسا ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ.» ( بەقەرە : 193 )

ئەسلىدە بۇ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك ياردەم قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىمۇ تەسلىمىيەتتىن مەيدانغا كېلىدۇ . كىمكى اللەقا تەسلىم بولغان بولسا ئۇنىڭ اللەنىڭ بۇيرۇقىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ ؟ اللەقا تەسلىم بولغان ۋە مەن مۇسۇلمانمەن دېگەن بىر كىشى ؛ دۇنياغا ، مالغا ، ئائىلىگە ،

لەززەتكە ۋە تاماشاغا ، ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە ، ئۆيگە ۋە خوتۇنغا ، ماشىنىغا ۋە خىزمەتكە ، تۇرمۇش شەرتلىرىگە قانداقمۇ تەسلىم بولۇشى مۇمكىن ؟

ئىنسان تەسلىم بولۇشى لازىم بولغان يىگانە يول پەقەت ئاللاھتۇر.

اللهقا تەسلىم بولغان بىر مۇسۇلماننىڭ اللەنىڭ دەۋاسىغا ئىگە بولماسلىقىنى ۋە بىر چەتكە چىقىۋېلىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى ۋە ئاندىن كېيىن مەن اللهقا تەسلىم بولدۇم دېيىشىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن !

مانا مۇسۇلمان بىر كىشىنى بۇ دەۋاغا ئىگە بولۇشقا ئۈندىگەن ۋە بۇنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويغان ئاچمۇ مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

دېمەككى ، بىزلەر ئۆزىمىزگە شۇنداق بىر نەزەر سېلىشىمىز ۋە ئۆزىمىزگە كېلىشىمىز كېرەك . ئەگەر ئىنتايىن راھەت بىر ئىشقا ، كەسىپكە ، ئائىلىگە ، ئەۋلاتلارغا ، مال ۋە مۈلككە ئىگە بولساق بۇ يەردە بىر خاتالىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك .

چۈنكى بىر مۇئمىن ، زېمىندا كۇفرى ئەۋج ئالغان ، خالىغانچە يۈرۈۋاتقان ، مۇئمىن قېرىنداشلىرى ھەممە يەردە ھېچبىر قىممىتى بولمىغان ھايۋانلار كەبى ئىسكەنجە سىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان ، تۇرمىلەرگە تاشلىنىپ ئەسىر قىلىنغان ئۇشبۇ كۈنىمىزدە تۇرمۇشىدا ھېچقاچان راھەت سۈرەلمەيدۇ ۋە سۈرمەسلىكى كېرەك .

ئەگەر راھەت بار بولغان بولسا ، بۇ كىشىنىڭ ئىمانىدا بىر مەسىلە بار دېگەنلىك . ئىمانىنى ئەمەلدە ئوتتۇرغا قويۇشىدا بىر مەسىلە بار دېگەنلىك . ياكى پەقەت قەلبى بىلەنلا ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبلىك خاتىرجەم . بۇ ئىمان ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ يېنىدا مەقبۇل بىر ئىمان ئەمەس.

ياكى بىر مۇئمىننىڭ تۇرمۇشىدا راھەت ۋە ھېچبىر قىيىنچىلىق ۋە دەردى يوق بولسا ، بۇنىڭ مەنىسى كافىرلار ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ دېگەنلىكتۇر . ئەمەلىيەتتە بۇ تەرەپ بەك توغرا كۆرۈنمەيدۇ . چۈنكى كۈنىمىزدە كافىرلار ۋەزىپىلىرىنى مۇكەممەل بىر شەكىلدە بېجىرىشمەكتە . بۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسپاتى بولسا زېمىندا بار بولغان پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ ئىسلامى بولمىغان تۈزۈلمىلەر بىلەن باشقۇرۇلىشىدۇر.

ئەمما مۇئمىن بولغان بىزلەر، ئۈستىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بېشىمىزغا ھېچبىر قىيىنچىلىق ۋە بالا كەلمەيۋاتماقتا . ئۈستىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغانلىقىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى بولسا ، بىر يېرىم مىليارد دېيىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ساندۇر. نۇرغۇنلىغان مۇئمىنلەر تۈرمىلەرنى توشقۇزغان ، ئاسارەت چېكىۋاتقان ۋە نۇرغۇنلىرى ئۆز يۇرتىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولغان

بىر زامان بولىكدە ياشاۋاتىمىز. سىزچە بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ۋە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇنچە ئەرزىيەت ۋە قېيىنچىلىقلار ئارىسىدا بىر زىتلىق يوقمۇ ؟

ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىمىزنى ئۇبدان بىر كۆزدىن كەچۈرەيلى . ئەجەبا بىزلەر ئۈستىمىزگە چۈشكەن ئىسلامى ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىۋاتامدۇق؟ ياكى ئۆزىمىزنى ئالداۋاتامدۇق ۋە دىننى تاھارەت ئېلىش ، ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش قاتارلىق ئەمىرلەردىن تەشكىل تاپقان ، ھاياتلىق سېستىمىسىغا ، رەھبەرلىكىگە ئارلاشمايدىغان ۋە تۇرمۇشقا مۇداخىلە قىلمايدىغان ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش شەكلىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىر دىن دەپ ئويلاۋاتامدۇق !

ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن..

« بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭئىچىڭلاردىن (اللەنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىقبەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر.» ( مۇھەممەد : 31 )

مۇئمىننىڭ ھاياتى ئېمتىھاندىن ئىبارەت . ئەمما بۇ ئېمتىھان كۈنىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك بىر قىسىم ئاغرىق ـ سىلاق ، پېقىرلىق ، كەمتۈكلۈك ياكى اللە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىق ، ئۈستۈنلۈك قىلغان ياكى ئادەمزاتنىڭ زۆرۈرەتلىرى سۈپىتىدە يۈز بەرگەن قېيىنچىلىق ۋە بالالار ئەمەس .

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەك : ھەر بىر مۇئمىن قازانغۇچىدۇر...

مۇئمىن ھېچقاچان يوقىتىپ قويمايدۇ ...

يوقىتىپ قويىدىغانلار ، اللەقا ۋە ئەلچىسىگە ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) جەڭ ئېلان قىلغان كىشىلەردۇر .

« مەن مۇئمىن بەندىنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيرانمەن . ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر، لېكىن مۇئمىنلەردىن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس . ئەگەر مۇئمىنگە باياشاتلىق يەتسە ، شۈكۈر قىلىدۇ . بۇ ئۇنىڭغا ياخشىدۇر ، ئەگەر ئۇنىڭغا قاتتىقچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. » (مۇسلىم)

« ئېيتقىنكى،‹ سىلەرپەقەت بىزنىڭ (غەلبە قىلىش ياكى شەھىد بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ بىرىگەئېرىششىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ اللەنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنىياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى

كۆتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ ( ئۆزەڭلارغاكەلگەننى ) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆز زىمىزگە كەلگەننى )كۈتەيلى ›. » ( تەۋبە : 52 )

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

## يىغلايدىغىنى بولمىغان بىر دىن ئۈچۈن يىغلا ئانا

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

ئۇنتۇشمۇ ؟ ئەسلا ... قولغا ئېلىنغىنىمدىن بۇيان تۆككەن كۆز ياشلىرىڭنى ئەسلا ئۇنۇتمايمەن ...

ۋە مېنى ھەر قېتىم كۆرگىلى كەلگىنىڭدە تۈرمىنىڭ رىشاتكىلىرى ئالدىدا تېخىمۇ ئەۋج ئالغان كۆز ياشلىرىڭنى ... سېنى ھەر كۆرۈشۈمدە چېھرىمدە ئۆكسۈپ قالمايدىغان تەبەسسۇمۇمغا قارىماي ...

ئانىجانىم ! كۆز ياشلىرىڭنى مېنىڭ نەزىرىمدە ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى يوق دەپ ئازراق بولسىمۇ قەتئىي ئويلاپ قالمىغىن ... ھەرگىز ...

ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى ۋە ھۆرمىتىمنى يىراق يېقىن ھەممىسى بىلىدۇ ...

ئەمما ساڭا قانچە قېتىملاپ ئېيتقان ئىدىمغۇ ئانىجان ! الله نىڭ دىنى بىز ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن  قىممەتلىك ... ۋە الله نىڭ تەۋھىدى بىزگە ھەر كىمدىن سۆيۈملۈك ... ئەگەر قايغۇ ۋە كۆز ياشلىرىڭنىڭ ئارتىشىغا سەۋەب بولغان بولسام ، بىل ئانىجانىم ئۆزۈرۈم مۇشۇ ... سەبر قىلغىن ... ساڭا ئىلگىرى قايتا ـ قايتا ئېيتقىنىمدەك تۈرمىدە بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئۇلۇغ بىر غايە ئۈچۈن ... ئۇ الله نىڭ دىنى ۋە تەۋھىددىن ئىبارەت . بۇ شەرەپ ئۇنۋانىنى ئىپتىخار بىلەن ئىلىپ يۈرگىن ئانىجان ...

«نە ئۈچۈن قورقىسەن ئانا !

دەيدىغىنىمىزنى دېدۇق...

سەن يەنىلا تەبەسسۇم قىلغىن ،

كۆز ياشلىرىڭ ئارىسىدىن ...

شۇ سۆيۈملۈك ئوغلۇڭنى ،

بىر كۈن ئۇنى ساڭا كەلتۈرىدىغان

كېچىلەرگە ئامانەت قىلغىن ...»

تۈرۈپ تۈرۈپ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ مېنى كۆرگىلى كېلىسەن ...  كۆرۈشۈش ۋاقتىنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ تۈرمە تاملىرىنىڭ ئارقىسىدىن باشقا ئانىلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالىسەن . پەرزەنتلىرىنىڭ ، يولدىشىنىڭ ، قېرىندىشىنىڭ جىنايەتلىرىگە

مۇناسىۋەتلىك ... كۆپچىلىكى ئوغرىلىق ، باسقۇنچىلىق ، زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىش ، هوشسىزلاندۇرغۇچى ، جىنايەت ۋە باشقا گۇناھلار. ئويلاپ باقسىنا دۇنيا هاياتى يولىدا ، سادىر قىلغۇچىسىنى ئۇزۇن يىللار تۈرمە تېمى ئىچىگە قۇلۇپلىغان بۇ گۇناھلار نەقەدەر ئىززەت دەپسەندە قىلغۇچى ۋە نەقەدەر نومۇسقا قويغۇچى ... تۇققانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلىشىگە سەۋەب بولغان ، دوستلۇقلارنى ۋەيران قىلغان ، زور فىتنىلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان گۇناھلار ... ئۇنىڭ ئۈستىگە پانى دۇنيا مەقسىتىدە ... پەسكە ئۇرىدىغان ۋە خىجالەتكە قويىدىغان بىر شەھۋەت يولىدا ...

لېكىن بىز ئانىجان ... بۇرۇن ساڭا نەچچە قېتىم چۈشەندۈرگىنىمدەك ، ئىنسانلارنىڭ كۆپى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىشتىن يۈز ئۆرىگەن بىر زاماندا بىزنىڭچە تولىمۇ قىممەتلىك ۋە ئىپتىخارلاندۇرىدىغان بىر گۇناھ بىلەن ئەيىپلىنىۋاتىمىز ... ئىنسانلار تاغۇتنىڭ زەربىلىرىگە بويۇن ئەگكەن ، خورلۇق ئىچىدىكى بىر هاياتقا رازى بولۇشقان ... ئۇلارنى بۇ يولدىكى مۇشەققەتلەردىن قۇتقۇزىدىغان بىر سۈكۇناتنى تاللاشقان ... الله نىڭ بىزگە لايىق كۆرگەن بۇ قىممەتلىك هەدىيەسى بىلەن پەخىرلىنىشىڭ ۋە مەغرۇر بولۇشۇڭ كېرەك ... ۋە ئۇنىڭدىن بۇ يولدا ساباتلىق بولۇپ بۇ يولدا هاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشىنى تىلىشىڭ كېرەك . ساڭا دەۋايىمىزنىڭ ( گۇناھىمىزنىڭ ) « لا ئىلاهە ئىلله للاھ » ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم ... بەس ، بۇنىڭدىن نېرىغا سۆزلەيدىغان سۆزىمىز يوق !

بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ مەشغۇل بولىمىز ... كامېرىمىزنىڭ ئىشىكلىرىگە ، تۈرمىدىكى خاتىرە ۋە ئانكىتلىرىمىزغا هەمىشە بۇنى يازىمىز ... بۇنى بىلمىگەنلەر ئۈچۈن بىر مۇقەددىمە ، بىر كىرىش ئىشىكى بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن ... قاچانكى بۇنى تۇۋلىساق تۈرمىدىكى ساقچى ۋە ئەسكەرلەر " لا ئىلاهە ئىلله للاھ دېيىش گۇناھ بولامدىكەن ؟ " دەپ بىزنى مەنسىتمەيدۇ ...

" بىز هەر بىرىمىز لا ئىلاهە ئىلله للاھ دەيمىز " دېيىشىدۇ ... ئۆزلىرىنى شۇنداق ئويلىشىدۇ ...

ئۇلارغا بۇ ئۇلۇغ كەلىمىنىڭ كىشىگە زور مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيدىغانلىقىنى ، بۇ كەلىمىنىڭ شەرتلىرى بارلىقىنى چۈشەندۈرىمىز . بۇ كەلىمىنىڭ ئۇنى ئىقرار قىلغان كىشىگە قىلىشى ۋە قىلماسلىقى كېرەك بولغان تولىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيدىغانلىقىنى ... مەسىلىنىڭ ئۇنى سۆزلەشتە ئەمەس ، تەدبىقلاشتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمىز .

ئاندىن ئۇلارغا بۇ سۆز ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ قىممەتلىرىنى يېقىنتىش ئۈچۈن كىچە كۈندۈز دېمەي قانداق تىرىشۋاتقانلىقىنى بايان قىلىمىز ... كەلىمە تەۋھىدكە ، ئۇنىڭ

دوستلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە ئۇرۇش ئاچقان كەلىمە تەۋھىدنىڭ دۈشمەنلىرىگە قانداق ئەسكەرلىك قىلغانلىرىنى ... بۇ سۆزنى تەلەپپۇز قىلغانلىرىغا قارىماي ئۇنىڭغا قارشى قانداق ئۇرۇش ئاچقانلىرىنى چۈشەندۈرىمىز ...

بۇ تولىمۇ ئۇلۇغ بىر سۆز ... بۇ كەلىمىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن جەڭ قىلغان ، ئۆمۈرلىرىنى ئۇنىڭ يولىدا سەرپ قىلغان ... ئۇ يولدا ئەرزىيەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەن ... ئۇنىڭ يولىدا جان بەرگەن ئەسكەرلىرى بار ... بىز الله نىڭ بىزنى ئۇلار قاتارىدىن قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمىز ... ( ئاللاھۇممە ئامىن )

ۋە قارشى سەپتە ... كەلىمە تەۋھىدنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن جەڭ قىلغانلار بولغىنىدەك ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغانلار ... تەۋھىد كەلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان ، كافىرلارنىڭ دىنىغا ، تاغۇتلارنىڭ قانۇنلىرىغا ياردەم قىلغانلار ...

مانا بۇ ئىككى سەپ ، الله كائىناتنى ياراتقان كۈندىن بۇگۈنگە قەدەر بىر بىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان ئىككى سەپ . مانا بۇ ئىككى تائىپە ... بىر بىرىگە دۈشمەن ئىككى تائىپە ... ھەر بىرى رەببىنى رازى قىلىش ئۈچۈن بىر بىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان ئىككى تائىپە ...

بۇ چۈشەندۈرگەنلىرىمىزنى ئاڭلاپ ئۇنى قوبۇل قىلغانلىرىمۇ بولىدۇ . ئاچچىق ھەقىقەتنى ئىتىراپ قىلىشىدۇ ... ئەمما ئاخىردا رىزىق ، پەرزەنت ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان باھانىلەرنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ . ئۇ مەقسەتتە شىرىك كەلتۈرۈپ ، مۇشرىكلەرگە ياردەمچى بولغان بۇ ئۆزۈرلىرىنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئېيتىمىز ... الله تەئالا بۇ توغرىسىدا بىزلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدىدۇ :

« ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار.» ( 64،تەغابۇن/14)

ۋە يەنە رەببىمىز مۇنداق دېمەكتە :

« ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» (66،تەھرىم/14)

بەزىلىرى تېخى كىبىرلىنىپ گۇناھىدا ۋە باتىلىدا چىڭ تۇرىدۇ . ئەمما بىلىمىزكى الله دۈشمەنلىرىنىڭ ھەم ئۆزلىرىنى ۋە ھەم پەرۋەردىگارىنى بىئارام قىلىدىغان بۇ سۆزلىرىمىزگە چىدىيالمايدىغانلىقى ھېچ ھەيران قالارلىق ئەمەس ...

« يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. الله تىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ .» (39،زۇمەر/45)

گۇناھىمىزنىڭ بۇ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىنىمىزدە غەزەپلىنىشى ، چوڭچىلىق قىلىشى ھەيران قالدىغان ئىش ئەمەس . الله تەئالا مۇنداق دېمىدىمۇ ؟

« ئۇلار ھەققەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا :«بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» (دەڭلار) دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىدتىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى» (37،ساففات/35)

مۇبارەك قۇربان ھېيتىدا مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ تۇرمىنىڭ كۆزنىكى ئالدىدا تۆككەن كۆز ياشلىرىڭنى ئەسلا ئۇنۇتمايمەن ... مېنى ھەر قاچان تەبەسسۇم قىلدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغىن ئانىجانىم ... سېنىڭ قايغۇڭنى ۋە پەرىشانلىقىڭنى مېنى چۈشىنەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغىن ... ھەرگىز ... بۇ توغرا ئەمەس ...

ئەكسىچە مەن ساڭا كېسىم مۇددىتىمنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن . ۋە بۇ كۆز ياشلىرىڭنى ، بۇ قايغۇڭنى تېخىمۇ ئۇلۇغ قىممەتلەر ئۈچۈن ساقلىشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن . سەندىن تۇرمىنىڭ قايغۇسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن سۇئال سورايمەن . گاھىدا دادامدىن ۋە دوستلىرىمدىن گاھىدا بالىلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ غەلۋىلىرىدىن ۋەھاكازالار ... بەزىدە تاغۇتقا غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىڭدا جىم تۇرۇشىڭنى ئىشارەت قىلىمەن ... سېنى ئاڭلاپ قېلىشمىسۇن دەپ !

ئۇ كۈنى ساڭا ئاتاپ مۇنداق باشلانغان بىرقەسىدە يازدىم :

«ماڭا ئەمەس ئەي ئانا ، بۇ قارا كۈنگە يىغلا ،
يىغلايدىغىنى قالمىغان خەستە دىنغا يىغلا .
بۇ زۇلمەتلىك تۇرمىلەر تىز چۆكتۈرەلمەيدۇ مېنى ،
مەن ، ئاتىغانمەن رەھمانغا پۈتۈن ھاياتىمنى .
تۇرمە دېگىنىڭ تېخىمۇ ئەلا خورلۇقتىن ،
خورلۇققا باش ئەگكەن ، تىز چۆككەن بىر مىللەتتىن .
مېنىڭ ئۇلۇغ داۋايىمنى تۇرمىلەر قامىيالماس ،
ئۇنىڭ ئۆچمەس نۇرىنى ھېچبىر كۈچ ئۆچۈرەلمەس .
قارا يەنە ئەركىنمەن زەنجىرلەر ئارىسىدا ،

روھىمنى قامچىلىغان ، خىزمىتى ھەق يولدا .
مەن ھۆرمەن ئانجان ! زەنجىر ، كىشەن نېمەمىش ،
سەن ساقلا كۆز يېشىڭنى ، خالىقىمغا بويۇن ئەگمىش...
ساڭا سالام بولسۇن ئانجانىم ...»

ساڭا بۇ يولنىڭ ماھىيىتىنى ، ئەلچىلەرنىڭ ، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشقا تىرىشتىم . ئۇنداقتا بۇ يىغا نېمە ئۈچۈن ...؟ بۇ كۆز يېشىڭ نېمە سەۋەبتىن ...؟

بەلقا تۈرمىسى ،
ھىجرىيە 1418
تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ئىبادەت ـ مەنىسى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قوبۇل شەرتلىرى

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

ئىبادەت كەلىمىسى سۆزلۈك مەنىسى ئېتىبارى بىلەن بويۇن ئېگىش،ئىتائەت قىلىش، كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى كىچىك كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. بويىنى يۇمشاق، ئىتائەت قىلغۇچى ھايۋان ۋە قولايلىق قاتنىشى بولغان تۈز يول ئۈچۈنمۇ ئىبادەت بىلەن ئوخشاش يىلتىزدىن كەلگەن ‹مابىەد› كەلىمىسى ئىشلىتىلىدۇ. ‹ تارىقۇن مابىەدۇن› ‹ تۈز يول› دېگەنلىكتۇر. ئوخشاشلا ‹ بەغىيرۇن مابىەدۇن› ‹ ئىتائەتكار تۆگە› مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرئى ئىستىلاھتا بولسا ئىبادەت كەلىمىسى، ئىتائەت بىلەن بىللە سۆيگۈدە ئەڭ ئاخىرقى چەك دېگەنلىكتۇر. ھەققەتەن شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە(رەھىمەھۇللاھ) ئىبادەت كەلىمىسىنى مۇنداق تونۇشتۇرغان:

‹ ئىبادەت كەلىمىسى،ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ۋە رازى بولغان يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا پۈتۈن ھەرىكەتلەرنى ۋە سۆزلەرنى قاپسىغان بىر ئىسىمدۇر.›

بۇ ئېتىبار بىلەن ئىبادەت ئۇقۇمى ئىنتايىن كەڭرى بىر مەناغا ئىگە.قەتئىي ھالدا بەك كۆپ كىشىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك پەقەتلا ناماز،روزا ۋە سەجدە قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن چەكلەپ قويۇلمايدۇ. قانچىلىغان كىشىلەر باركى، ئاڭسىزلارچە قىلغان تۈرلۈك ئىبادەت شەكىللىرى بىلەن ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)دىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىپ شېرىككە چۈشۈۋاتىدۇ.ئاللاھ تەئالا شېرىك ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىنى ئەسلا مەغفىرەت قىلمايدۇ.

«ئاللاھ ھەققەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ...»( نىسا : 48 )

بۇ سەۋەبلىك،ئوتتىن قۇتۇلۇشنى ۋە جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلغان بىر كىشى تولۇق ھالدا بىلەن ئاللاھنى بىرلىيەلىشى ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ۋە ئىبادەت تۈرلىرىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىشى كېرەك.ھەققەتەن مۇئاز بىن جەبەل ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) ھەدىسىدە كەلگەنىدەك ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنى بىرلەپ پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشى ئاللاھنىڭ قۇللىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ۋە ئىنسانلار بۇنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئادا قىلغان تەقدىردە قۇللارنىڭ پەرۋەردىگارى

ئۈستىدىكى ھەققى ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشىدۇر.[1]

ئىبادەت،تۇپ مەنىسى بىلەن بىر تەرەپتىن ناماز،روزا،سەجدە قاتارلىق شەرئى ئەمەللەرنى قاپسىسا يەنە بىر تەرەپتىن ئىلاھ قىلىش نۇقتىسىدا دۇئا قىلىش،ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدىغان خۇسۇسلاردا ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە سېغىنىش قاتارلىق ئەمەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز سانىغان بۇ بارلىق ئىبادەتلەردە ئاللاھتىن باشقىسىغا يۈزلىنىش كەسكىن ھالدا جائىز ئەمەس. ھەققەتەن ئاللاھۇ تەئالا(ئىستىئازە)(سېغىنىش) توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسانلاردىن بولغان بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.» (جىن : 6)

ئوخشاشلا قۇربانلىق قىلىش ۋە نەزىر قىلىشمۇ ئاللاھتىن باشقىسىغا قارىتىلماسلىقى كېرەك بولغان ئىبادەتلەردىندۇر.ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللەغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن».( ئەنئام : 162 ـ 163)

يەنە بىر ئايەتتە بولسا ئاللاھۇ تەئالا،«پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.»(كەۋسەر : 4) دەپ نامازغا ئوخشاش، قۇربانلىق قىلىش ۋە نەزىر ئىبادەتلىرىنى پەقەت بىر ئۆزىگىلا قارىتىشىمىزنى ۋاجىب قىلغان.

دۇئاغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بۇ ھەدىسىدە دۇئانىڭ بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن:

«دۇئا ئىبادەتنىڭ ئۆزىدۇر.» ( تىرمىزى)

---

(1 شەيخ بۇ يەردە مۇئاز بىن جەبەلدىن نەقىل قىلىنغان بۇ ھەدىسكە ئىشارەت قىلىدۇ: مۇئاز بىن جەبەل (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككىمىز ئۇفەير ناملىق بىر ئېشەككە مىنىۋالغان ئىدۇق.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەي مۇئاز! سەن ئاللاھنىڭ بەندە ئۈستىدىكى ھەققى بىلەن بەندىنىڭ ئاللاھ ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دەپ سورىدى.مەن:

ـ بۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىشى ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى؛ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلغانلارنى ئازابلىماسلىق بولسا،بەندىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈستىدىكى ھەققىدۇر، ـ دېدى.مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا بۇنى كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ـ دېدىم.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزگە ئېسىلۋېلىپ،ئەمەل ـ ئىبادەتتە سۇسلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن،ئېيتماي تۇرغىن، ـ دېدى.ئەنەس ئىبنى مالىك (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) :

ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىلىمنى يوشۇرغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ،ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا بۇنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، ـ دېدى. (مۇسلىم) ـ تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

بىز بايان قىلغان بۇ بارلىق نۇقتىلار بىلەن بىللە مۇتلەق بىر ئىتائەت ۋە بويۇن ئېگىشمۇ ئىبادەت ئۇقۇمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟» ( ياسىن : 60)

ئايەتتە ‹شەيتانغا ئىبادەت قىلىش› تىن مەقسەت قىلىنغانىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئىكەنلىكى ئېنىق.[1] ئوخشاشلا ئاللاھۇ تەئالانىڭ، فىرئەۋن ۋە كاتتىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئالاقىدار بۇ بايان قىلغىنىدىمۇ مۇشۇ مەنا بار:

«ئۇلار: «بىزگە ئوخشاش ئاددى ئىككى ئىنسانغا ئىمان ئېيتامدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قەۋمى بىزنىڭ (قۇلغا ئوخشاش) خىزمەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشتى.»(مۇئمىنۇن: 47)[2]

بۇ يەردە فىرئەۋن ۋە كاتتىلىرىنىڭ ئېيتقان‹...بىزگە ئىبادەت قىلىپ تۇرغاندا..› ئىپادىسىدە ئىبادەت كەلىمىسى بىلەن مەقسەت قىلىنغىنى، ھەممە ئىشلاردىكى مۇتلەق ئىتائەت ۋە ساداقەتكى، ئۇنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا قىلىنىشى قەتئىي جائىز ئەمەس. ئەگەر بۇ ھالەتتە مۇتلەق بىر ئىتائەت ۋە ساداقەت ئاللاھتىن باشقىسىغا قىلىنسا ئالدىمىزغا ئىككى ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ:

1 ـ ھالال دەپ قارىماستىن مەسىيەت بىلەن قىلىنغان ئىتائەت: شەيتاننىڭ بىراۋغا زىنانى ياخشى كۆرسىتىشى،خوجايىنىنىڭ قۇلغا ھاراق ئىچىشنى ئەمىر قىلىشى، رەھبەرنىڭ ساقالنى ئېلىشقا ئەمىر قىلىشى ۋە بۇ ئەمىرلەرنىڭ خىتاب قىلىنغۇچىسى بولغان كىشىلەرنىڭ بۇلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھالەتتە ئۇزلىرىگە بۇيرۇلغانغا ئىتائەت قىلىشى...

---

1 قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ‹ ئەي ئادەم باللىرى! شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار.يەنى ماڭا ئىسيان قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان خۇسۇسلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار.›

ئوخشاشلا مەۋدۇدى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:‹ شۇ ئىش ئېنىقكى: ھېچكىم بۇ دۇنيادا شەيتاننى ئىلاھ دەپ قوبۇل قىلمايدۇ.ئەكسىچە، پۈتۈن كۆپچى بىلەن ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا قىيامەت كۈنىدە ئادەم باللىسىغا يۈكلەيدىغان گۇناھ دۇنيا ھاياتىدا شەيتانغا ئىبادەت قىلىشى ئەمەس،ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشى، ھۆكۈملىرىگە ئەگىششى ۋە كۆرسەتكەن يوللىرىغا يۈگۈرۈشلىرى بولىدۇ.› ـ نەشىر قىلغۇچى.

2 ئىمام تەبەرى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار فىرئەۋنگە خارلىق ئىچىدە ئىتائەت قىلىدۇ،ئەمرىنى تولۇقى بىلەن بەجا كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىدۇ.ئەرەبلەر ئارىسىدا ھۆكۈمدارىغا ئىتائەت قىلغان ھەركىم ئۈچۈن ھۆكۈمدارنىڭ قۇلى دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.› ـ نەشىر قىلغۇچى.

مانا بۇ ھەممە ئىتائەتلەر ئىبادەت لەفزىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ خۇسۇسلاردا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر ‹ شەيتانغا ئىبادەت قىلغان› ياكى ‹ شەيتانغا ئىتائەت قىلغان› كىشىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.ئەمما بۇنداق بىر كىشى ھارام بولغان بىر قىلمىشنى سادىر قىلغان ۋە مەسىيەتلەرنى ھالال دەپ قارىمىغان جەرياندا كۇفرىغا چۈشمەيدۇ.رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بۇ ھەقتە « ئاللاھقا قارىتا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇقاتقا ئىتائەت قىلىش يوق، ئىتائەت پەقەت ياخشىلىقتىدۇر.» (سەھىھ مۇسلىم) دەپ، شىدەتلىك بىر ئاگاھلاندۇرغان.

2 ـ ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈرغۈزۈشتا ئىتائەت: ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈرغۈزۈش بىر شەيئىنى ھالال ياكى ھارام قىلىشتۇركى، بۇنىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا قارىتىلىشى كەسكىن ھالدا جائىز ئەمەس. كىمكى ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈرغۈزۈش ئىشىدا ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىتائەت قىلسا چوڭ شېرىكنى سادىر قىلغاندۇر.چۈنكى، بىر نەرسىنىڭ ھالاللىقى ياكى ھاراملىقى ھەققىدە ھۆكۈم بېرىش پەقەت يىگانە ۋە قەھھار بولغان ئاللاھقىلا خاس.

«...الله ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ.» ( كەھف : 26)

ئاللاھۇ تەئالا يۇسۇف سۈرىسىنىڭ 40 ـ ئايىتىدە «...ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اللەغىلا مەنسۇپ...»دېگەن. چۈنكى ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈرغۈزۈش ئۈلۈھىيەتنىڭ (ئىلاھلىقنىڭ) خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر.ھەقىقەتەن ئىلاھ كەلىمىسى « قانۇن قويۇش» مەناسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئەل ھاكەم» ۋە « ئەل ھاكىم» ئىسىملىرى ئاللاھنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىندۇر. بۇ سەۋەبلىك،ھەركىم ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقا بىر ھۆكۈم چىقارسا ياكى قانۇن قويسا ئاشكارا ھالدا ئىلاھلىققا خاس بولغان سۈپەتلەردىن بىر سۈپەتنى ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن بولىدۇ.ئەنە ئايەتتە كەلگىنىدەك فىرئەۋن « ...مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن...» ( قەسەس : 38 ) دەپ مۇشۇ رەۋىشتە ئىلاھلىققا ئائىت ھۆكۈم ۋە قانۇن چىقىرىش ھەققىنى ئۆزىگە نىسبەت بەرگەن.[1]

---

1 فىرئەۋنىنىڭ ئىلاھلىق ۋە رەبلىك دەۋاسىغا قارىتا تەفسىرلەردە مۇنداق مەلۇماتلار كەلگەن: ‹ فىرئەۋن، توپلىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ خەلققە خىتاب قىلىش يولى ئارقىلىق بىر نۇتۇق سۆزلەپ ئۇ چوڭ گەپنى قىلغان، مۇشۇنداق قىلىپ ئۆزىنى خەلقنى باشقۇرىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇتقان.› ( ئالۇسى)

‹فىرئەۋنىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق: ھېچكىم ھەققىدە مەندىن باشقىسىنىڭ بىرەر بۇيرۇق ۋە چەكلىمە قويۇش ھەققى يوق.› (رازى)

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە دائىر ھەممە ئەسەرلەردە دېگۈدەك كەلگەن ئورتاق قاراش، فىرئەۋنىنىڭ دەۋاسىنىڭ، مۇستەقىل ھالدا ھۆكۈم قىلىش، باشقۇرۇش ھەققىگە ئىگە ئىكەنلىكى مەنىسىنى ئىپادىلىگەن شەكىلدىدۇر. ـ نەشىر قىلغۇچى.

پەقەت ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈزغۈزۈش خۇسۇسىدا ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ شىرىك ئىكەنلىكىگە دائىر كۆپلىگەن دەلىل مەۋجۇت. ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۇئمىنلەر!) اللەنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى ، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ،ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار،سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر.» ( ئەنئام : 121 )

ئايەتتە كۆرۈلىدىغىنىدەك شەيتاننىڭ دوستلىرىغا ئىتائەت قىلىش، شىرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى بۇنداق بىر ئىتائەت پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈزغۈزۈش:يەنى بىر نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلىش نۇقتىسىدىكى بىر ئىتائەتتۇر. ھاكىم ۋە باشقىلارنىڭ سەھىھ بىر سەنەد بىلەن ئىبنى ئابباستىن قىلغان رىۋايەتتە بۇ نۇقتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

‹ مۇشرىكلاردىن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر قۇربانلىق ۋە ئۆلۈكنىڭ گۆشىنىڭ يېيىلىشى ئىشىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ـ ئاللاھنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى ئەمەس، ئۆزەڭلارنىڭ ئۆلتۈرگىنىڭلارنى ، يەنى ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر ـ دەپ دەتالاش قىلاتتى.بۇ سەۋەبتىن ئاللاھۇ تەئالا « شۈبھىسىزكى ، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ.» دېگەن.[1]

مانا بۇ تۈردىكى مەسىلىلەردە نوقۇل ھالدىكى بىر ئىتائەت قىلىش، شىرىك دەپ قارىلىدۇ.ئىبنى كەسىر ( رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

‹ئەگەر ئاللاھنىڭ سىلەر ئۈچۈن يولغا قويغان قانۇنىنى تەرك قىلىپ باشقىسىنىڭ قويغان قانۇنىنى تاللىساڭلار مانا بۇ شىرىكتۇر.›

بىز بايان قىلغان مانا بۇ بارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەركىم ئالىملىرىنىڭ،ئەمىر ئىگىلىرىنىڭ ياكى رەھبەرلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ھالال قىلغانلىرىنى ھارام،ھارام قىلغانلىرىنى ھالال دەپ قارىغان پەتىۋالىرىغا ياكى ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلارغا ھۆكۈم قىلغان قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلسا، بۇ ئىتائىتى بىلەن ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن

---

1 زەججاج بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹بۇ ئىپادىدە، ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىرىدىن بىرسىنى ھالال ياكى ھالال قىلغانلىرىدىن بىرسىنى ھارام دەپ قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ،مۇشرىك ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىل بار.چۈنكى ئاللاھۇ تەئالا ئۆزىدىن سىرىت باشقا بىرىنى ھۆكۈم قىلغۇچى دەپ قوبۇل قىلغاننى مۇشرىك دەپ سانىغان.مانا بۇ شىرىكتۇر.› ـ نەشىر قىلغۇچى.

پەرۋەردىگار تۇتقان بولدۇ. ئەمەلىيەتتە تەۋبە سۈرىسىنىڭ 31 ـ ئايىتى مۇشۇ نۇقتىغا دالالەت قىلىۋاتماقتا:

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى...» (تەۋبە : 31)

بۇ يەردە ئالىملارنى ۋە راھىبلارنى مەبۇد قىلىشتىن كۆزدە تۇتۇلغىنى ئۇلارغا رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش ئەمەس،ھۆكۈم ۋە قانۇن تۈزغۈزۈشتا، ھارام ۋە ھالال قىلىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتۇر. بۇمۇ پەقەت ئاللاھ(سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) ئۈچۈنلا قىلىنىشى جائىز بولغان رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئوخشاش بىر ئىبادەتتۇر.بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ(سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) ئايەتنىڭ داۋامىدا « (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەدىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر.» (تەۋبە : 31) دەپ ئۇلارنى تەنقىد قىلغان.

ئاللاھۇ تەئالا يەنە ئۆزى قويغان ھۆكۈملەرنىڭ سىرتىدىكى باشقا بىر ھۆكۈمگە ئىتائەت قىلغان ۋە ئەگەشكەن بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟» (شۇرا : 21)

بۇ نۇقتىدا ئىنتايىن دىققەت قىلىش كېرەك. ـ ئاللاھ بىزگە ۋە سىلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن ـ چۈنكى زامانىمىزدا ئىنتايىن نۇرغۇن كىشى يالغۇز بۇ سەۋەبتىن ھالاك بولغاندۇر.[1]

سەھىھ بىر ئىبادەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى : ئىبادەتنىڭ ئاللاھۇ تەئالا بىزدىن تەلەپ قىلغان رەۋىشتە بولۇشى ئۈچۈن سۆيگۈ، قورقۇش ۋە ئۈيغۈنلىشىشنى بىرلا ۋاقىتتا بىر يەردە جۇغلىشى كېرەك.

---

1 ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلغان ھالدا يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارنىڭ قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان مۇرتەد ھاكىملارمۇ بۇ قىسىمغا كىرىدۇ.ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىرىنى ھالال،ھالال قىلغانلىرىنى بولسا ھارام قىلىش يولى بىلەن شەخسەن ئۆزلىرى قانۇن يولغا قويمىسىمۇ ئۇلارمۇ ئوخشاش رەۋىشتە مۇشرىكتۇر.ئۇلارنىڭ يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارغا پەقەت ئۇلار يولغا قويغان قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلىش يولى ئارقىلىق ئىتائەت قىلىشى ئاللاھقا شېرىك قوشۇش، باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش دەپ قارىلىدۇ. شۇ قەدەركى ،يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارنىڭ يۈرگۈزگەن قانۇنلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىرىنى ھالال،ھالال قىلغانلىرىنى بولسا ھارام قىلغان.ئەرەب مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە مۇناسىۋەتلىك يەككە بىر ئىشتا ؛‹قۇربانلىق قىلىش› ئىشىدا دەتالاش قىلاتتى.ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىلەردىكى ئىتائىتى ۋە ئۇيغۇنلىشىشىنى شېرىك دەپ ئاتاۋاتماقتا.ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىنى تەرك قىلغان،يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارنىڭ بارلىق قانۇنلىرىغا مۇۋاپىقلاشقان كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

1 ـ ئاللاھۇ تەئالاغا سۆيگۈمىز سەۋەبلىك ئىبادەت قىلىمىز.ئاللاھۇ تەئالا بۇنداق قۇللىرىنى،« ...مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر...» (بەقەرە : 165 ) دەپ ماختىغان.

2 ـ ئوخشاشلا ئاللاھقا، ئۇزىدىن ۋە ئازابىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىمىز.ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«...ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار.» ( ئالئىمران : 175)

«...ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ...» ( سەجدە : 16 )

3 ـ ئۈمىد: سەھىھ بىر ئىبادەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولسا ئاللاھۇ تەئالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر. ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ...» (ئىسرا : 57 )

بىزلەر ئاللاھۇ تەئالاغا ،ھەم مۇھەببەت قىلىپ، ھەم ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ھەمدە ئازابىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىمىز. سالىھلارنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق ۋە ئاللاھ قۇللىرىدىن تەلەپ قىلغان سەھىھ بىر ئىبادەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەم بۇلاردىن ئىبارەت. بۇ سەۋەبتىن سەلەفتىن بەزىلىرى ‹ كىمكى ئاللاھقا پەقەت سۆيگۈسى سەۋەبىدىنلا ئىبادەت قىلسا ئۇ كىشى زىندىقتۇر.[1] كىمكى ئاللاھقا پەقەت ئۇنىڭدىن قورقانلىقى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلسا ئۇ كىشى ھارۇرىدۇر.[2] كىمكى پەقەت ئۈمىد بىلەنلا ئىبادەت قىلسا مۇرجىئەدۇر.[3] ئەمما سۈننەت ئەھلى بولغان كىشىلەر بۇ ئۈچ ئالاھىدىلىك بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ.› دېگەن.

---

1 ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلغان بەزى سوپىلارنىڭ ئەھۋالى بۇ تىپقا كىرىدۇ.ئۇلارنىڭ ئاللاھقا قىلغان ئىبادىتى پەقەت سۆيگۈلا سەۋەبىدىن.ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ۋە مەغفىرىتىنى ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىغان. مانا ئۇلارنىڭ بۇ ھالى زالالەتكە چۈششىنىڭ ۋە يولدىن چىقىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ ھاللىرى بىلەن ئاللاھۇ تەئالانىڭ «...ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ...» ( سەجدە : 16 ) ئايىتىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىۋاتماقتا.

2 خارۇرى: خارىجى فىرقىلەردىن بىرسى. ،تۈنجى بولۇپ خارۇرىدە چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ رايۇنغا نىسبەت بېرىلگەن.

3 مۇرجىئە: ئەمەللەرنى ئىماننىڭ بىر قىسمى دەپ قارىمايدۇ.مۇرجىئەگە كۆرە ئەمەل ئىماننىڭ يا بىر شەرتى ئەمەس يا بىر رۆكنى ئەمەس.بۇ سەۋەبتىن ئەمەللەرگە تېگىشلىك بولغان ئەھمىيەتنى بەرمەيدۇ ۋە سەل قارايدۇ.ھەققەتەن ھازىر كىشىلەردىن ئىنتايىن نۇرغۇنىنىڭ نامازغا ياكى باشقا بىر ئىبادەتكە دەۋەت قىلىنغىنىدا ‹ ئاللاھ بەكمۇ مەغفىرەت قىلغۇچى، بەكمۇ مەرھەمەتلىكتۇر› دېيىشى بۇ تۈرگە تەۋەدۇر.

ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى: ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىمان ، ئىخلاس ۋە ئۈيغۇنلىشىش شەرتلىرى بىر يەردە مۇجەسسەملەنگەن بولۇشى كېرەك.بۇ ھەممە نۇقتىلار ئوخشاش بىر پەيتتە بەجا كەلتۈرۈلمىگەن مۇددەتچە ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئىبادىتى مەقبۇل ئەمەستۇر. ئاللاھۇ تەئالا «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە)دۇنيانىڭ قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللارگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.» ( نەھل : 97 )دەپ ، سالىھ ئەمەلنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئىمانغا باغلىغان.

ئوخشاشلا ئىخلاسسىز بىر رەۋىشتە قىلىنغان ئىبادەتمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.قۇدسى بىر ھەدىستە كەلگىنىدەك ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

«مەن شېرىكلەردىن ئەڭ بىھاجەتمەن، كىمكى بىر ئەمەلنى قىلىپ ئۇنىڭدا ماڭا مەندىن باشقىنى شېرىك قىلسا ئۇنى شېرىك قىلغان نەرسىسى بىلەن تاشلاپ قويىمەن.» ( مۇسلىم،زۇھدۇ 46،ھەدىس نۇمۇرى:2985)

ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۈچىنچى شەرت بولسا ئىتتىبادۇر(ئۈيغۇنلىشىش ـ ت).ئاللاھۇ تەئالا، يولغا قويغان شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولمىغان ھېچبىر ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق بىر ئىشنى پەيدا قىلسا،ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ.»( بۇخارى،مۇسلىم)

ئاللاھۇ تەئالادىن بىزلەرنى ۋە سىلەرنى سەھىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى، ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلىشىنى تىلەيمىز.(ئاللاھۇممە ئامىن)

قافقافا تۈرمىسى

1415ھ\رەبىئۇسسانى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مەركىزى تەرجىمىسى

# بىر ئىلىم ئوقۇغۇچىسىنىڭ يازغانلىرى ۋە ھەركىمنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشى كېرەك بولغان سۆزلەر

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

بۇ رىسالە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىش مەقسىتى بىلەن يېزىلغاندۇر. مەيلى ئوقۇغۇچى بولسۇن، ياكى ئۇنىڭدىن جاۋابكار بولغان ئوقۇتقۇچى، نازارەتچى، ۋەكىل ياكى مەكتەپلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان باشقۇرغۇچىلار بولسۇن ھەممىسىگە باراۋەر نىدا قىلىمەن. ئادىل بولۇپ ئاللاھتىن قورقۇڭلار. بىلىڭلاركى يېقىندا ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)نىڭ ھوزۇرىغا چىقىرىلىسىلەر ۋە قىلغان ھەر ئىشىڭلاردىن مۇھەققەق سورالقا تارتىلىسىلەر. ھەر قىلمىشىڭلار مۇتلەق ھالدا جاۋاب بېرىشنى كۈتىۋاتقان بىر سوئال بولىدۇ. قۇتۇلۇش پەقەت بېرىلىدىغان توغرا جاۋابلار بىلەن مۇمكىندۇر. ۋە پۈتۈن ئەمەللىرىدە ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) دىن كەلگەن بىر بۇرھان/ دەلىل ئاساسىدا ھەرىكەت قىلغان كىشىلەر توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھېچقاچان شەخسى قاراشلار، ياخشى دەپ قارىغان ئىشلىرىڭلار، تەقلىد قىلىپ ياكى ئىنسانلارنى رازى قىلىش مەقسىتىدە قىلغانلىرىڭلار ، سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان بىر دەلىل بولمايدۇ.

بىلگىنكى ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى باشلىقلاردىن قورقىدىغانلىقى ، مال ھېرىسمەنلىكىگە چۈشكەنلىكى ياكى ۋەزىپىگە بېرىلىپ كەتكەن بولۇشى سەۋەبلىك ھەققە ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈشىۋاتماقتا. ئەمما خالىساڭ كىشىلەردىن قورقىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ تونۇلاشلىرىنى بىر ئاڭلاپ باقىن...

« ئۇلار دەۋزەختا جەدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قۇياتتۇق. بىزنى پەقەت گۇناھكارلارلا ئازدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار يوق ۋە يېقىن دوستمۇ يوق. ئەگەر بىزگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، بىز مۇئمىنلەردىن بولاتتۇق.» ( شۇئەرا : 97 ـ 102)

ئىمان ئېيتىپ گۇناھكارلاردىن يىراقلىشىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتا قايتىشنى قانداق ئارزۇ قىلغانلىقىغا بىر قاراپ باقىن. ئەمما ئۇلار ئۈچۈن ئىش ئەمدى ئالللقاچان پۈتۈپ بولغان. ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) مۇنداق دەيدۇ:

« ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. الله ئۇلارغا يامان ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزىختىن چىقالمايدۇ.» ( بەقەرە : 166 ـ 167)

قەسەمكى ! قەسەم بولسۇنكى دۇنيادا زالىملاردىن يىراقلاشمىغانلار ئاخىرەتتە، ئۇلاردىن يىراق قالغان بولۇشنى تىلىشىدۇ. ئەمما ئارزۇلىرىغا يېتەلمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قىلغىنىدەك، بىر تەرەپتىن زالىملارنىڭ سىستېمىلىرىنىڭ سايىسىدە خىزمەت قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن « مەن ئۇلارنى قەلبىم بىلەن ئىنكار قىلىۋاتىمەن» دەپ ئۆزىنى ئالدىغانلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىن. چۈنكى قەلبى بىر ئىنكار، ئۇلاردىن يىراقلىششىنى ھەم تەقەززا قىلىدۇ. شەيخ ھەمىد ئەل فەكى بۇ ئەھۋالنى مۇنداق ئوچۇقلىغان:

‹ ئىنكار قىلىشنىڭ ھېكمىتى، ئاللاھنىڭ بىر يامانلىقتا نەپرەت قىلغانلىقىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈشتۇر. بۇ پەقەتلا قەلب بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە ئىنكار قىلىنىشى كېرەك بولغان شەيئىلەردىن يىراقلىشىش بىلەن ، بۇ يامانلىقلارنى قىلغانلارنى تەرك قىلىش بىلەن ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش بىلەن ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئېلان قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئالىملار، كىشىنىڭ يامانلىقلار ئارىسىدا ئۇنىسىز قېلىشىنى ، ئۇنىڭمۇ يامانلاردىن ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە سانىغان.

« بۇ كىشى ئۆزىگە بىرەر زىيان يېتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن سۈكۈت قىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئۆزۈرلۈك قارىلىدۇ» دېيىلىشى مۇمكىن. شۇنداق، بۇ توغرا. ئەمما بۇ كىشى يامانلىقلار قىلىنىۋاتقان مەيدانلارغا كىرمەي ئۇلارغا شاھىد بولمىسا ئىدى، ئۆزىنى ساقلىيالايتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشمۇ ئۇنىڭ ۋاجىب بولماس ئىدى. بىر يەردە يامانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە بارغان تەقدىردە ئۇ يامانلىقنى يوق قىلىشقا كۈچىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ھالەتتە ، بىراۋنىڭ ئۇ ئورۇنلارغا بېرىشى كەسكىنلىك بىلەن جائىز ئەمەستۇر.›

ئابدۇراھمان ئەس سادى مۇنداق دەيدۇ : ‹ ئاللاھقا ئىسيان قىلىنغان بىر مەجلىسكە كىرگەن كىشى كۈچى بولسا ئۇلارنى ئىنكار قىلىشى بولمىسا ئۇ يەرنى تەرك قىلىشى كېرەك.›

قۇرتۇبى ( رەھىمەھۇللاھ) ، « الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر اللهنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى

ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغۇاتقان كافىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كافىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ.» ( نىسا : 140 ) ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

‹ بۇ ئايەتى كەرىمە، گۇناھكارلار يامانلىقلارنى ئاشكارا قىلىشقاندا ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىلدۇر. چۈنكى ئۇلاردىن يىراق تۇرمىغان كىشى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولدى دېگەنلىك . كۇفرىغا رازى بولۇش كۇفرىدۇر. گۇناھ قىلىشقاندا بىر مەجلىستە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئىنكار قىلمىغان كىشى، گۇناھتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش. گۇناھ بولغان سۆزلەرنى سۆزلىگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلغاندا ئۇلارنى ئىنكار قىلىشى كېرەك. ياكى گۇناھ قىلمىشلارنى قىلغىنىدا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئاگاھلاندۇرۇشقا كۈچى يەتمىسە، ئايەتتە تەھدىد قىلىنغانلارنىڭ قاتارىدا بولماسلىق ئۈچۈن ئۇ يەردىن يىراقلىشىشى كېرەك.›

بەيھەقى ( رەھمەھۇللاھ) سەھىھ بىر سەنەد بىلەن ، ئىبنى مەسئۇد ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ تاماق قىلىپ ئۇنى تاماققا چاقىرغان بىر كىشىدىن ، ئۆيدە رەسىم بار يوقلۇقىنى سورىغانلىقىنى ، ئۇ كىشى ‹بار › دېگەندە ئۆيگە كىرىشنى رەد قىلغانلىقى ، ئۇ كىشى پەقەت رەسىمنى يوق قىلغاندىن كېيىنلا ئۆيگە كىرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەي قېرىندىشىم! بىلگىنكى ئەگەر سەن ئاللاھقا دەۋەت قىلىش خۇسۇسىدا سەمىمي بولساڭ ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) سېنىڭ دەۋىتىڭنى مۇقەددەس قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن ئىنسانغا مەنپەئەتلىك بولۇشىڭنى تەمىن ئېتىدۇ. باتىل ئەھلىدىن ئايرىلىشىڭ ۋە ئۇلاردىن نېرى بولۇشۇڭ، ئۇلارغا ئالدانغان بەك كۆپ ئىنسانلارنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلىشىغا ۋەسىلە بولىدۇ. باتىل ئەھلى بىلەن بىللە قېلىشىڭ بولسا ياخشىلىق تەلپىدە بولغان نۇرغۇن كىشىنى ئازغاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

جېنىڭغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق بىر زەرەر سەۋەبلىك قورقۇنچقا چۈشمىگىن. بۇ قورقۇنچ شەيتاندىندۇر. ئاللاھ (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇنداق دەيدۇ:

« ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار.» ( ئال ئىمران : 175 )

ھەم ئاندىن دەۋالىرىغا بولغان سەمىمىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئۈچۈن دەۋەتچىلەرنىڭ ئىمتىھان قىلىنىشى ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ بىر سۈننىتىدۇر. ۋەھالەنكى ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇنداق دەيدۇ:

« ئەلىف، لام، مىم .ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، اللە (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» ( ئەنكەبۇت : 1 ـ 3 )

ئاللاھنىڭ ، ئىمانلىرىنىڭ ھەقىقتىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىمتىھانغا يولۇقتۇرغان ئەمما بۇ ئېمتىھانلاردا مەغلۇپ بولغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر قىلغىن.

« بەزىلەر اللەغا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىندا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، اللەغا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر بەختسىزلىك يەتسە دىندىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر.» (ھەج : 11 )

« بەزى كىشىلەر: «اللەغا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، اللەنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى اللەنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. اللە جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟» ( ئەنكەبۇت : 10 )

شۇنداق قېرىندىشىم ! سەن مانا بۇ سىنىپتىن بولۇپ قالمىغىن. ئەكسىچە سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان ھەقنى مەھكەم تۇتقىن. پېقىرلىقتىن، رىزقىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان دۇنياۋى مەنپەئەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمىغىن. چۈنكى رىزىق مۇھەققەقكى ئاللاھتىندۇر.

« شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ اللە سىلەرگە ئۆز مەغفىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللەنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» ( بەقەرە : 268 )

بىلگىنكى سېنىڭ رىزقىڭ كاپالەت ئاستىدا، ئەجىلىڭ بەلگىلىنىپ بولغان، سەندىن تەلەپ قىلىنغىنى ئاللاھ يولىدا ھەرىكەت قىلىشىڭدۇر. ھامان بىر كۈنى چوقۇم ئۆچرىشىدىغان بىر پەرۋەردىگارىڭ ۋە سەن ئۇنىڭ ئاھالىسىدىن بولىدىغان بىر قەبرىنىڭ بارلىقىنى ئۇنۇتمىغىن.

ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) نىڭ كىتابىنى ۋە ئەلچىسىنىڭ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ سۈننىتىنى ئىنتايىن ياخشىلاپ چۈشەنگىن. ئۇلارغا سۆيگۈ بىلەن ، ئىشتىياق بىلەن مەھكەم باغلانغىن. ئۆزۈڭ يالغۇز قالساڭمۇ مەيلى. قارشى چىققۇچىلارنىڭ كۆپلىكى سېنى ئالدىمىسۇن. ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دەيدۇ :

﴿ جامائەت، يالغۇز بىر كىشى بولسىمۇ ھەققە بويسۇنغاندۇر.﴾

نەئىم بىن ھەمماد بولسا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئەگەر بىر جامائەت پىتنىگە ئۇچۇرسا، سەن يالغۇز بېشىڭ بىلەن قالساڭمۇ جامائەت پىتنىگە ئۇچراشتىن ئاۋۋالقى ھالەتتە بولۇشىڭ كېرەك. بۇ ۋەزىيەتتە سەن يالغۇز كىشىلىك بىر جامائەت بولىسەن.﴾

ھەسەن بەسرى ( رەھىمەھۇللاھ ) مۇنداق دەيدۇ : ﴿ ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. ئەھلى سۈننەت ئۇستىدە بولۇڭلار. چۈنكى ھەم ئىلگىرى زامانلاردا ھەمدە كېيىنكى زامانلاردا ئەھلى سۈننەتتىن بولغانلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز ئىدى. ئۇلار دەبدەبە ئىچىدە ياشىغانلارنىڭ يولىدا ماڭمىدى. بىدئەت ئەھلىگە ئەگەشمىدى. پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر بۇ ئادىتى ئۇستىدە قېلىشتى. ئىنشائاللاھ سىلەرمۇ مۇشۇنداق بولۇڭلار.﴾

ئىبنى قەييىم ( رەھىمەھۇللاھ ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ھەق ئوتتۇرغا چىقىپ كۆرۈنگەندە گۇۋاھچىغا ئېھتىياج يوقتۇر. قەلب ، كۆزنىڭ قۇياشنى كۆرگىنىگە ئوخشاش ھەقنى كۆرىدۇ. كىشى قۇياشنى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ، قۇياشنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە چىققانلىقىغا ئىشىنىش ئۈچۈن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان باشقا بىر كىشىگە ئېھتىياجى يوقتۇر.﴾

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ قەلب كېسەل بولىدۇ ۋە كېسەلى كۈچىيىپ بارىدۇ ئەمما ئىگىسىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەرى يوق. چۈنكى ئىگىسى ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن. ھەتتا قەلب ئۆلىدۇ ئەمما ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆلگىنىنىمۇ ھېس قىلمايدۇ. قەلبنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، كىشىنىڭ ( مەنىۋى) ئەسكىلىكلەر ئاچقان يارىلاردىن بىئارام بولماسلىقىدۇر. ھەقنى بىلمەسلىكتىن ۋە باتىل ئېتىقادلاردىنمۇ ئىچى سىقىلمايدۇ. چۈنكى ئەگەر بىر قەلبتە ھاياتلىق بولسا ، بۇ ھاياتلىق باتىلنىڭ چىركىنلىكلىرىدىن ۋە جاھالەتتىن بىئارام بولىدۇ. قەلبنىڭ ئىگىسىمۇ كېسىلىنى ھېس قىلىدۇ. ئاچچىق دورىلارنى ئىچىپ ۋە بۇ دورىلارنى داۋاملاشتۇرۇپ كېسەللىكىنىڭ كۈچىيىشىنى توسۇيدۇ. ئۇ، ئىزتىراپ چېكىشتىن بولسا ئاچچىق دورا ئىچىشنى تاللايدۇ. دېيىلىۋاتقان بۇ دورا كىشىنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەگەشمەسلىكىدۇركى بۇ نەفسكە ئەڭ قىيىن كېلىدىغان ئىشتۇر. بۇنىڭدىن پايدىلىقراق بىرەر دورا يوقتۇر. بەزەن قەلبنى سەبىر قىلىشقا كۆندۈرىدۇ. ئاندىن غەيرىتى يوق بولىدۇ. ئىلمىنىڭ ۋە بەسىرىتىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن سەبىر قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. بۇنداق بىر سەبىر قورقۇنچلۇق بىر يولغا كىرگەن، ئۆزىنى ئەمىنلىكتە ھېس قىلمىغان كىشىنىڭ سەبرىگە ئوخشايدۇ. بۇ كىشى بىلىدۇكى ئەگەر سەبىر قىلسا قورقۇنچىسى كېتىدۇ ۋە خاتىرجەملىكى قايتىپ كېلىدۇ. سەبرىنىڭ ۋە ئىشەنچىنىڭ كۈچىگە ئېھتىياج باردۇر. سەبىر ۋە ئىشەنچىسى ئاجىزلىغان

ۋاقتتا يولدىن چىكىنىدۇ. بولۇپمۇ يېنىدا بىرەر سەپەردىشى بولمسا ۋە يالغۇزلۇقتىن قورقسا مۇنداق دېيىشكە باشلايدۇ: « مەن ئۆرنەك قىلىدىغان كىشىلەر قەيەرگە كەتتى؟» بۇ ئەھۋال بەك كۆپ كىشى گىرىپتار بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولغان بىر ئەھۋالدۇر. ھەققەتەن ئەگەر قەلبى ئۆزىدىن ئاۋۋال بۇ يولدا ماڭغان نەبىلەرنى، سادىقلارنى، شەھىدلەرنى ۋە سالىھلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلسا سەبىرلىك بولغان كىشى سەپەرداشلىرىنىڭ ئاز بولۇشىدىن ياكى ھېچ بولماسلىقىدىن قورقمايدۇ. ئۇلار نېمىدىگەن ياخشى سەپەرداشلار. كىشىنىڭ ماڭغان يولىدا يالغۇز قېلىشى، ساداقىتىنىڭ دەلىلىدۇر.›

سۆزلىرىمىزنى ئىبنى قەييىم ( رەھىمەھۇللاھ) نىڭ « مەدارىجۇس سالىكىن» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىسىدا دېگەن بۇ سۆزلىرى بىلەن تۈگىتىمىز :

‹ ئەي ئوقۇرمەن ! ئوقۇغانلىرىڭنىڭ پايدىسى ساڭا، زىيىنى يازغۇچىغا ئائىت. سەمەرىسى سېنىڭ، بوزۇلغانلىرى يازغۇچىسىنىڭدۇر.سەن بۇ يەردە كۆرگەن ھەق ۋە توغرا بولغان نەرسىلەرنى ئالغىن، بۇنىڭ ئۇچۇن سۆزنىڭ كىم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىغا قارىما. ئەكسىچە دېيىلگەنلەرگە قارا، دېگۈچىگە ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) ، ھەق ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن ئۈچ بولغان كىشىلەر تەرىپىدىن كەلگەندە رەد قىلغان، بۇنىڭ ئەكسىچە ياخشى كۆرگەنلىرىدىن كەلگەندە قوبۇل قىلغان كىشىلەرنى ئەيىبلىگەن. بۇ، غەزەپكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ خۇلقىدۇر. ھەققەتەن ساھابىدىن بەزىلىرى « سۆيمىگەن كىشىڭ بولسىمۇ ھەق بولغاننى سۆزلىسە ئالغىن ، سۆيگەن كىشىڭ بولسىمۇ باتىل بولغاننى سۆزلىسە رەد قىلغىن » دېگەن.

ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدە خاتالىق تاپقان بولساڭ بىلگىنكى ئۇنى ئېيتقان كىشى ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدە سەن بىلەن تارتىشمايدۇ ۋە ئۆزىنى نۇقسانسىز دەپ تۇرىۋالمايدۇ. شائىرنىڭ ئېيتقىنىدەك:

‹ كەمچىلىك تەبىئەتنىڭ ئەسلىدە يوشۇرۇندۇر،

ئۇنداقتا ئادەم بالىسىنىڭ كەمچىلىكى بارلىقى تارتىشىلمايدۇ›

تەبىئەتتە نادانلىق ۋە زۇلۇم قىلىش بار بولغان بىر مەۋجۇتلۇق قانداقمۇ خاتالىقسىز بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ نۇقتىدا مەيلى گەپ قىلغانغا ياكى باشقا كىشىلەرگە چۈشكەن ۋەزىپە، سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەق ئۈستىدە بولۇشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ، ئەلچىسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى كېرەك. ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇنداق دەيدۇ:

« ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەفسى ـ خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز ـ نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ.» ( مۇئمىنۇن : 71 )

ئىلىم ۋە ئادالەت پۈتكۈل ياخشىلىقلارنىڭ ، زۇلۇم ۋە نادانلىق بولسا پۈتكۈل يامانلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر. قەسەمكى ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) ، ئەلچىسىنى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن، ئۇنىڭغا ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى ، ھېچكىمنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەگەشمەسلىكنى ئەمىر قىلغان.

« شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «الله نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، الله بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، الله (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىرى قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر.» ( شۇرا : 15 )

ھەمد ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. سالات ۋە سالام ئەلچىلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) گە ۋە پۈتۈن ئائىلىسىگە بولسۇن.›

« پەرزەنت تەربىيىسىدە پەيغەمبەرانە مىتوت ۋە پاسات مەكتەپلىرى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن بىر پارچە ماقالىنىڭ تەرجىمىسى .

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# كىملەر « تائىفەتۇل مەنسۇرا »؟

شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىز

سەلەپنىڭ كۆپچىلىكى ، تائىفەتۇل مەنسۇرانىڭ ئالىملار ۋە ھەدىس ئەھلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇخارى ۋە ئەھمەد بىن ھەنبەلمۇ ( رەھىمەھۇمەللاھ )مۇشۇ قاراشتا. ئەمما « ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇپپا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھەق ئۈستىدە ئۇرۇش قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ» ھەدىسى ۋە بۇ ھەدىسنىڭ سىرتىدىكى باشقا رىۋايەتلەر بۇ قاراش بىلەن مۇۋاپىقلاشمايۋاتماقتا. چۈنكى باشقا رىۋايەتلەردە ، جىھاد قىلىشنىڭ بۇ تائىفىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىكەنلىكى ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن. جابىر بىن ئابدۇللاھ ، ئىمران بىن ھۇسەين ، زەيد بىن ئەسامىنىڭ مۇئاۋىيەدىن ۋە ئۇقبە بىن ئامىردىن ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ) قىلغان رىۋايەتلىرى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەدىسلەردىندۇر. بۇ سەۋەبلىك تائىفەتۇل مەنسۇرانى ئالىملار بىلەن چەكلەپ قويۇش مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ تائىفەنىڭ ئىلىم ۋە جىھاد ئەھلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن نەۋەۋى ، بۇخارى ، ئەھمەد ۋە باشقىلارنىڭ ( رەھىمەھۇمۇللاھ ) قاراشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: « ئېھتىمال بۇ تائىفە ، مۇئمىنلەرنىڭ قىسىملىرى ئارىسىغا تارقالغاندۇر. ئۇلاردىن جەسۇر بولۇپ جەڭ قىلغانلار، فەقىھلار ، مۇھەددىسلەر ، زاھىدلەر ، ياخشىلىققا بۇيرىغان ۋە يامانلىقتىن توسقانلار ، باشقا تۈرلەردىن ياخشىلىق ئىگىسى بولغانلارمۇ بۇ تائىپىدىندۇر. ھەممىسىنىڭ بىر يەردە توپلانغان بولۇشى كېرەك ئەمەس . يەر يۈزىدە تارقاق ھالەتتە تېپىلىشى مۇمكىن.» ( سەھىھ مۇسلىم شەرھى ، نەۋەۋى ، 67/13)

ئىبنى تەيمىييەمۇ ( رەھىمەھۇللاھ) شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان ئەمما ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان مۇخالىپلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بەرگەن پەتىۋاسىدا جىھاد ئەھلىنىڭ تائىفەتۇل مەنسۇرانىڭ دائىرىسىگە كىرىشكە ئەڭ كۆپ ھەقلىق بولغانلاردىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : « شام ، مىسىر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بار بولغان تائىفە ، بۈگۈن ئىسلام ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلار ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مەشھۇر ھەدىسىدە گېپىنى قىلغان تائىفەتۇل مەنسۇرانىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئەڭ لايىق بولغانلاردۇر. رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دەيدۇ : « ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇپپا الله نىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىشنى داۋام قىلىدۇ. ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويغانلار ياكى ئۇلارغا قارشى چىققانلار ، الله ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ئۇلارغا بىرەر زەرەر بېرەلمەيدۇ ۋە ئۇلار كىشىلەر ئۈستىدىن

غەلبە قىلدىغاندۇر.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ ) ( ئىبنى تەيمىييە، مەجمۇئۇل فەتەۋا ، 531/28)

شۈبھىسىزكى ئەمەل قىلغۇچى ئالىملار ، بۇ فىرقىغا ھەركىمدىن بۇرۇن كىرىشكە لايىق. جىھاد قىلغانلار ۋە باشقىلارمۇ ئۇلارغا تەۋەدۇر.

سەلەفنىڭ بۇ تائىفىنىڭ ئالىملار ئىكەنلىكىنى سۆزلىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە ، ئۇ چاغلاردا جىھاد ھەققىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقىدۇر. چېگرىلار دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ زامانىدا دىننى ئەڭ كۆپ بۇزغان نەرسە ، بىدئەتلەر ۋە چوڭ ئازغۇنلۇقلار ئىدى. بىدئەت ۋە چوڭ ئازغۇنلۇقلارغا قارشى دىننى قوغداش مەيدانىنىڭ سۇۋارلىرى ( ئاتلىق جەڭچىلىرى ـ ت) بولسا ئالىملار ئىدى.

بۈگۈندە بولسا بىز ھەر ساھەدە ئالىملارنىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ جىھاد قىلىشىغا ۋە تىرىشچانلىقلىرىغا مۇھتاجمىز. چۈنكى دىن نە يالغۇز ئىلىم بىلەن ، نە يالغۇز جىھاد بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ . بەلكى ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە بولۇشى زۆرۈر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋەئۇلار بىلەن بىللە ، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى (مىزاننى ـ ت) چۈشۈردۇق، تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قۇراللىرى ياسىلىدىغانلىقىئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەربار، الله نى كۆرمەي تۇرۇپ قۇراللارنى ئىشلىتىپ) الله غا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنىبىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.» ( ھەدىد : 25)

ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ : « دىن پەقەت كىتاب ، مىزان ۋە تۆمۈر بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. كىتاب يول كۆرسىتىدۇ ۋە تۆمۈر ئۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ . الله تەئالا : «...ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى (مىزاننى ـ ت) چۈشۈردۇق، تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قۇراللىرى ياسىلىدىغانلىقىئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەربار» دەيدۇ . دىن ۋە ئىلىم كىتاب بىلەن بولىدۇ ، مىلى ۋە باشقا كىلىشمىلەردە ھەق ۋە ئادالەت مىزان بىلەن بولىدۇ ، جازالار بولسا تۆمۈرنىڭ كۈچى بىلەن ئىجرا قىلىنالايدۇ.» ( ئىبنى تەيمىييە ، مەجمۇئۇ فەتۋا ، 36/35)

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : « مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچلىرى كىتاب ۋە سۈننەت بولغان بۇ دىننى قۇۋۋەتلەيدۇ. جابىر بىن ئابدۇللاھ ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) مۇنداق دىگەن : رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) ، بۇ كىتابنىڭ سىرتىغا چىققانلارنى بۇ قىلىچ

بىلەن چېپىشمىزنى بۇيرىدى.»( ئىبنى تەيمىييە ، مەجمۇئۇ فەتۋا ، 365/35)
شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە ( رەھىمەھۇللاھ ) باشقا بىر سۆزىدە بولسا مۇنداق دەيدۇ : « الله تەئالانىڭ بايان قىلغىنىدەك ، دىنىنىڭ ئۆرە بولۇشى ، يول كۆرسەتكۈچى كىتاب بىلەن ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى تۆمۈر بىلەن بولىدۇ » ( ئىبنى تەيمىييە ، مەجمۇئۇ فەتۋا، 396/28) ئىبنى تەيمىييەنىڭ ( رەھىمەھۇللاھ ) باشقا يەرلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشىغان بايانلىرى مەۋجۇت.

بۇ سەۋەبتىن تائىفەتۇل مەنسۇرانىڭ توغرا مەنھەجگە ، ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەتنىڭ يولىغا تايانغان مۇجاھىد تائىفە ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمىز.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# پەرۋەردىگارى ھەققىدە تارتىشقان ئىككى دۈشمەن[1]
# بىز كىم؟ جىنايىتىمىز نىمە؟

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

پۈتۈن ھەمدلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇد سالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)گە ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن.

ھىچ شۈبھە يوقكى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ، قۇللىرى ئۈستىگە ئۇگىنىشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى پەرز قىلغان ئاساسلارنىڭ تۇنجىسى، ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى تەۋھىدتۇر. يەنى تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش...ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. » ( زارىيات : 56 )

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دىگەن :‹پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا، يەنى ئىبادەتتە مىنى بىرلىشى ئۈچۈن دىگەنلىكتۇر. بۇ لائىلاھە ئىللاللاھ نىڭ مەنىسىدۇر.›

بۇ ، ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) پۈتۈن ئەلچىلىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەڭ ئۇلۇغ غايە، ئەڭ مۇھىم نىشان ۋە مەھكەم تۇتقۇدۇر. پۈتۈن كىتابلار بۇنىڭ ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

« بىز ھەققەتەن ھەربىر ئۈممەتكە:«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا،كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار»دەپ پەيغەمبەرئەۋەتتۇق...» ( نەھل : 36 )

---

1 شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد بۇ يازمىسىنىڭ ماۋزۇسىنى،توختالغان تېمىغا پاراللىل ھالدا ھەج سۈرىسىنىڭ 19 ـ ئايىتىدىن ئالغان.ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « (مۇئمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۇئمىنلەر بىلەن كۇففارلار اللەنىڭ دىنى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، مۇئمىنلەر اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)، كافىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ.» سەھىھ مۇسلىمدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە بۇ ئايەتنىڭ بەدىردە يەكمۇ يەك ئېلىشىش ئۈچۈن يۈزمۇ يۈز كەلگەن ئىككى تەرەپ ھەققىدە نازىل بولغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. ( ھەدىس نۇمىرى : 5362 ) ئىمام قۇرتۇبى ، تەپسىرىدە بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ « قايسى دىندىن بولسا بولسۇن يۈزمۇ يۈز كەلگەن پۈتۈن كافىرلار بىلەن پۈتۈن مۇئمىنلەر » ئىكەنلىكى قارىشىنى زىكىر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دىگەن : ‹ بۇ قاراش ئومۇمى بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ھەم ھەققىدە نازىل كىشىلەرنى ھەمدە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.› ( ئەل جامىئۇلى ئەھكام ، 26/12 ) ـ نەشىر قىلغۇچى .

« (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھى قىلدۇق.» ( ئەنبىيا : 25 )

پەقەت اللەنىلا بىرلەش ئاساسى ، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قەۋمى ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ ئەسلى سەۋەبىدۇر:

« بىز ھەقىقەتەن سەمۇدقا (يەنى سەمۇد قەبىلىسىگە نەسەب جەھەتتىن قېرىندىشىسالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (سالىھ) «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار» (دېدى)، ناگاھان ئۇلار جېدەللىشىدىغان (يەنى دىن بارىسىدا جېدەللىشىدىغان مۇئمىنلەر ۋە كافىرلاردىن ئىبارەت) ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى.» ( نەمل : 45 )

ئايەتتە كەلگەن « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار » ئىپادىسى، ئىبادەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى بىرلەڭلار( يەنى پۈتۈن ئىبادەتلىرىڭلار بىر اللە ئۈچۈنلا بولسۇن ـ ت ) دېگەنلىكتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن قەۋملەر، ئومۇمەن باشقا ھەممە مۇشرىكلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشاتتى. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلارغىمۇ ئىبادەت قىلىشۋاتقان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئەلچىلەرنىڭ دەۋىتى ھېچقاچان مۇجەررەد ھالدا ( يەنى يالغۇز ھالدا ـ ت )اللەقا ئىبادەت قىلىشنى ئۈز ئىچىگە ئالمايتتى، بەلكى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى ئۈز ئىچىگە ئالاتتى.[2]

« ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار ، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار.»

تۈگمەس ـ پۈتمەس دۈشمەنلىكنىڭ سەۋەبى مانا بۇ ئىدى. ئەلچىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇ سەۋەبتىن ئىسكەنجىلەرگە دۇچ كەلدى ، تۈرمىلەرگە تاشلاندى. ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئىنسانلار ئىككى پىرقىگە ئايرىلدى. جەننەت ئەھلى ۋە جەھەننەم ئەھلى دەپ...

پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ۋە تاغۇتلاردىن يىراق بولۇش ئاساسى ، ئاللاھۇ تەئالا بۇ ئاساسقا يۆلەنگەنلەرنى كاپالىتى ئاستىغا ئالىدىغان سۇنماس مەھكەم بىر تۇتقۇدۇر. ئاللاھ بۇنى قۇتۇلۇشنىڭ يېگانە ئوق مەركىزى قىلغان.

« دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى اللە باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، اللەغا ئىمان)

---

2 يەنى دەۋەتنىڭ مەزمۇنى « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار» شەكلىدە ئەمەس، « پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار » شەكلىدە ئىدى. بۇ ئىككى دەۋەتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئاشكارا. چۈنكى « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار» چاقىرىقى ئاللاھتىن باشقا ( باتىل ) ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشتىن توسمىسا « پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار» چاقىرىقى ئاللاھتىن باشقا پۈتۈن ( باتىل) ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشنى بولۇشسىز قىلىدۇ ـ نەشر قىلغۇچى.

ئېيتىدىكەن، ئۇسۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» ( بەقەرە : 256)

بۇ ئاساس، تەۋھىد كەلىمىسى لائىلاھە ئىللاللاھ نىڭ ئۆزى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇتتىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە ئېرىششنى ئارزۇ قىلغان ھەركىشى بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى ، مەھكەم تۇتقۇنىڭ مەزمۇنىنى كەم كۇتىسىز بىلىشى لازىم. تەۋھىد بىلەن ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بەسىرەت (پاراسەت،ھۇشيارلىق ـ ت) بىلەن دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆگىنىلىشى كەسكىن بىر زۆرۈرىيەت. ئاللاھۇ تەئالا دەيدۇكى :

« بىلگىنكى ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر.» ( مۇھەممەد : 19 )

«ئېيتقىنكى، ‹بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشلەرنى) اللەغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭائەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.›» ( يۇسۇف : 108 )

كىشى تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەزمۇنىنى بىلگەندە ئۆزىنىڭ قايسى نىشان ۋە غايە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلگەن بولىدۇ. ئەلچىلەر نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلدى؟ كىتابلار نېمە ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى؟ ئەلچىلەرنىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەۋملىرى بىلەن ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن دۈشمەنلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابىنى بىلىش پەقەت تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

ئەجەبا بىزلەر بىلەن بۈگۈن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئۆزگەرتكەن ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ ھەقىقي سەۋەبى نېمە؟ ئاللاھنىڭ نازىل قىلغىنىنى بىر بۇلۇڭغا ئاتقان ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنىڭ ئەسلى سەۋەبى نېمە؟ نېمىشكە ئۇلارغا نەپرەتلىنىمىز،ئۇلارنى كافىرغا چىقىرىمىز ؟ بۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ دوستلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بىلەن ئارىمىزدا قايسى سەۋەپتىن دۈشمەنلىك باش كۆتۈرگەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىزگە ئىسكەنجە سېلىشىدۇ؟ بىزلەر، تەۋھىدنىڭ ئەسكەرلىرى، تەۋھىدنىڭ ياردەمچىلىرى بىلەن تۈرمىلەرنى توشقۇزىدۇ؟ مانا يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان خۇسۇسلار ساڭا بۇ ھەممە تېمىلارنى رۇشەن بىر شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىلىش كېرەككى تەۋھىد كەلىمىسى لائىلاھە ئىللاللاھ « رەد/ ئىنكار قىلىش» ۋە « قوبۇل قىلىش » بولۇپ ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. سۇنماس مەھكەم تۇتقۇغا تايىنىش پەقەت بۇ كەلىمىنىڭ رەد/ ئىنكار قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش نۇقتىسىدا قىلىش تېگىشلىك بولغانلارنى كەم كۇتىسىز بەجا كەلتۈرۈش بىلەن مۇمكىندۇر. تەۋھىد كەلىمىسى بىزدىن نېمىلەرنى رەد قىلىشىمىزنى ، ئىنكار قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلسا ئۇلارنى رەد قىلىشىمىز، نېمىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلسا ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ بىلەن بىللە تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ كىشىگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا

قىلىشىمىز ، يەنە تەۋھىد كەلىمىسى چەكلىگەن ئىشلاردىن ھەم يىراق بولىشىمىز كېرەك. ھېچقاچان قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشلار تېگىشلىك رەۋىشتە قوبۇل قىلىنماستىن يالغۇز رەد/ئىنكار بىلەن كۇپايىلىنىش يېتەرلىك بولمايدۇ. يەنە ئوخشاش رەۋىشتە رەد قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشلار رەد قىلىنماستىن يالغۇز قوبۇل قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىشمۇ يېتەرلىك بولمايدۇ. ئەكسىچە ھەر ئىككى بۇيرۇقنى تەڭ بەجا كەلتۈرۈش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك ، مەنىسىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ پەقەتلا بۇ جۈملىنى تەلەپپۇز قىلىشمۇ بىراۋ ئۈچۈن كۇپايە ئەمەستۇر. چۈنكى تەۋھىد كەلىمىسى شۇنداق ئۇلۇغ بىر كەلىمىكى، يەتتە قات ئاسمان ۋە زېمىنلار بىر پەللىگە قويۇلسا، ئۇ يەنە بىر پەللىگە قويۇلۇپ تارتىلسا يەنىلا تەۋھىد كەلىمىسى بېسىپ كېتىدۇ. ئۇ جەننەتنىڭ ئاچقۇچى. ئەمما ھەر ئاچقۇچنىڭ چىشلىرى بار. كىم چىشلىرى بولغان بىر ئاچقۇچ بىلەن كەلسە ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىلىدۇ، كىمكى چىشى يوق ئاچقۇچ بىلەن كەلسە ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىلمايدۇ.

« لائىلاھە» كەلىمىسىنى، تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ تۇنجى بۆلۈمى بولغان رەد/ئىنكار قىلىش قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا « لائىلاھە » كەلىمىسىنى مەھكەم بىر تۇتقۇنىڭ بايانىدا مۇنداق ئۇچۇقلايدۇ:

« كىم تاغۇتنى ئىنكار قىلسا...»

بۇ، تاغۇتلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىگە ۋە جىددىيىتىگە بىنائەن تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولغان «ئىللەللاھ» قىسمىدىن ئاۋۋال زىكىر قىلىنغان. بۇ ئىنكار قىلىش بولماي تۇرۇپ قوبۇل قىلىشنىڭ ئەمەلىيلىشى ھەققىدە سۆزلەش ھاجەتسىز. يەنى؛ تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىپ ئۇلاردىن يىراق بولماي تۇرۇپ ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ پايدىسى يوق. بۇنداق بىر ئىمان مەقبۇل ۋە سەھىھ ئەمەس.ئاللاھۇ تەئالا بۇنى پۈتۈن ئەلچىلەرنىڭ دەۋىتىدە « تاغۇتلاردىن يىراق بولۇڭلار» دېيىش ئارقىلىق بايان قىلغان.

تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولسا بىز قوبۇل قىلىش دەپ ئىسىم قويغان «ئىللەللاھ» قىسمىدۇر. بۇمۇ پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا بۇنى بارلىق ئەلچىلەرنىڭ دەۋىتىدە « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار » دەپ بايان قىلسا ،مەھكەم تۇتقۇنىڭ بايانىدا « كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن» دەپ ئۇچۇقلىغان.

مان بۇ تەۋھىد كەلىمىسى لائىلاھە ئىللەلاھ ، بارلىق ئەلچىلەرنىڭ ئورتاق دەۋىتىدۇر.

« بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە:«اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا،كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار»دەپ پەيغەمبەرئەۋەتتۇق...» ( نەھل : 36 )

ئۇ سۇنماس مەھكەم بىر تۇتقۇدۇر.

« ... كىمكى تاغۇت (يەنى الله باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن ، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ...» ( بەقەرە : 256 )

تاغۇت، ئىبادەت تۈرلىرىنىڭ ھەر قانداق بىرى ئارقىلىق ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنغان ۋە ئۆزىگە قارىتىلغان بۇ ئىبادەتتىن رازى بولغان ھەر نەرسىدۇر.[3] ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ۋە تاغۇتنىڭ شەكىللىرى ھەر قايسى زامان ۋە ھەر ماكاندا پەرقلىق بولىدۇ. بەزىدە تاغۇت بۇت بولىدۇ، ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇشىدۇ، سەجدە قىلىشىدۇ ۋە قۇربانلىق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. تاغۇت بەزىدە ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدىن باشقا قانۇنلار بولىدۇ. ئىنسانلارغا ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ياكى بەزىدە ئاللاھ ئىزنى بەرمىگەن خۇسۇسلاردا قانۇنلارنى قويغان، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بىرەر ھاكىم ، بىرەر پارلامېنت، بىرەر كاھىن تاغۇت بولغان بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن زامان ۋە پۈتۈن ماكانلاردا بارلىق ئەلچىلەر دەۋەت قىلغان ئاساس ئۆزگەرمەستىن ھەممىشە ئوخشاش بولغان : « ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار» يەنى بارلىق تۈرلىرى بىلەن تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولۇڭلار.

ئاللاھقا قوشۇپ تاغۇتقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھقا شېرىك قوشۇش: سەجدە، ناماز، دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان پائالىيەتلەر بىلەن مۇمكىن بولغىنىدەك يەنە كۆپىنچە بىر ياشاۋاتقان بۇ دەۋردە بولۇۋاتقاندەك تاغۇتلارنىڭ قانۇن بەلگىلىگۈچى دەپ قوبۇل قىلىنىشى ياكى ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنىشى بىلەنمۇ بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك دۆلەتلەر بەلگىلىگەن بۇ قانۇنلارنى قوبۇل قىلىشمۇ ئاللاھنى قايرىپ قويۇپ تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىر مىسالىدۇر.

ئىئوردانىيە ئاساسى قانۇنىنىڭ 25ـ ماددىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

---

3 ئىزاھات: «...ئۆزىگە قارىتىلغان بۇ ئىبادەتتىن رازى بولۇش...» چەكلىشى بىلەن ، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنغان پەرىشتىلەر، نەبىلەر ۋە سالىھ كىشىلەر، تاغۇت ئۇقۇمى ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ئىبادەت پائالىيەتلىرىدىن رازى ئەمەستۇر. بۇ سەۋەپتىن ئۇلار تاغۇت دەپ ئاتالمىغىنىغا ئوخشاش تەبىئىي ھالدا ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشتىن يىراق بولۇش، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم. ـ نەشر قىلغۇچى.

‹ قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى پادىشاھقا ۋە خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت. خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قانۇن تۈزۈش ئورگىنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئاساسى قانۇن ماددىلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا بەجا كەلتۈرىدۇ. ›

كېيىن ئوتتۇرغا چىققان بۇ دىننى ۋە ئويىئۇچۇق كۇفرىنى قوبۇل قىلغان ھەر بىر كىشى قانۇن قويغان بۇ كىشىلەرنى ئالالاھتىن باشقا ئىلاھ قىلغان ، ئالالاھقا شېرىك قوشقان ۋە ئالالاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

شېرىك، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇننىڭ گۇمان قىلغىنىدەك پەقەت ئالالاھتىن باشقىسىغا سەجدە ۋە رۇكۇ قىلىپ ياكى قۇربانلىق قىلىپ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش يولى بىلەنلا بولمايدۇ. شېرىك بۇنىڭدىنمۇ بەك ھەر تەرەپلىمىلىك بولۇپ ئىبادەت تۈرلىرىدىن ھەر قانداق بىرىنى ئالالاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىشتۇر. مەسىلەن قانۇن يولغا قويۇش ، ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەش ئىشىدا ئالالاھتىن باشقىسىغا ئىتائەت قىلىش ئويىئۇچۇق بىر شېرىكتۇر. بۇنىڭغا دائىر كۆپلىگەن دەلىل كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ئۇلاردىن بەزىلىرى...

ئەزان ئوقۇلىۋاتىدۇ ... ئەسلىمىلىرىمدىن يىراقلىشىۋاتىمەن ... كۆزلىرىم ياشقا تولغان ... ياشلىرىمنى تىزلىكتە سۈرتىۋاتىمەن ... ۋە بىر دۇئانى پىچىرلاۋاتىمەن :

ئى پەرۋەردىگارىم ! بىز كەلگەن كېچىلەر ۋە ئۆزىغان كۈنلەر ... ۋە دەۋەتچىلىرىڭنىڭ سادالىرى ...مېنى مەغفىرەت قىلغىن ...

سۇۋاقە تۈرمىسى

مۇھەممەدنىڭ ھىجرىتىنىڭ 1417.يىلى

رامىزاننىڭ تۈنجى كۈنى ...

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ئەڭ قەدىرلىك نېئمەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ شەرەپ

## بىر شەھىد ئانىسى

مۇجاھىدىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك نېئمەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ شەرەپ ئاللاھ (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ بىزنى بۇ قۇتلۇق گورۇپپا ئارىسىغا تاللىغانلىقىدۇر.

ئىسلام ئۆز ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ۋە ئۆز زېمىنلىرىدا غېرىپ قالدۇرۇلغان بۇ ئەسىردە بىزلەرنى ئۇزىگە ۋە دىنىغا ياردەمچى قىلىپ تاللىغانلىقى ئۇچۇن ئاللاھ (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)غا شۈكرى قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ بىز ئۇچۇن بىر بەخت . قىيامەت كۈنىگە قەدەر مەيلى تەرك قىلغانلار بولسۇن مەيلى سۈيقەست قىلغانلار بولسۇن زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان بۇ « تائىفەتۇل مەنسۇرا » دىن ئورۇن ئېلىشتىنمۇ بەكراق بەخت ئاتا قىلىدىغان نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

شۇنداق... ئاللاھقا قەسەمكى، بىر ئايال ئۇچۇن ھەقىقىي بەخت دۇنيا ھاياتى ئارقىلىق كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەتنى سېتىپ ئېلىشتۇر. بەخت يېيىش ، ئىچىش ، ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، كۆپ پۇل ۋە دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى نېئمەتلىرىدە ئەمەس، ئاللاھ (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)نىڭ كىتابىغا ۋە نەبى ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىششتە، سەلەف - سالىھىنىڭ ئاياللىرىنى، ساھابە ئانىلىرىمىزنىڭ دىنغا قانداق ياردەم قىلغانلىرىنى ۋە ماللىرى بىلەن جانلىرى بىلەن ، ئېرى، باللىرى ۋە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە دىننى قانداق مۇداپىيە قىلغانلىرىنى ئۈلگە قىلىشتىدۇر.

چۈنكى نۇبۇۋەتنىڭ تۇغۇلىشىدىن تارتىپ مۇسۇلمان ئايال دىنغا ياردەم قىلىش ئىشىدا غايەت رول ئوينىغان. مەسىلەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە بىنتى خۇۋەيلىد؛ ئاللاھ (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ نەبىسى ۋەھيي تۇنجى نازىل بولغاندىن كېيىن قورقۇنچتىن قەلبى تىترەپ قايتىپ كەلگىنىدە بۇ شەپقەتلىك جۆرە ئۇنى خاتىرجەملىك بىلەن كۈتىۋالغان ۋە « غەم قىلمىغىن ! ئاللاھ سېنى رەسۋا قىلمايدۇ» دېگەن.

مۇجاھىدلارنىڭ ئىمامىنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش ئۇچۇن ئېيتقان بۇ ئاددى سۆزلىرى ھەقنى چۈشەنگىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇرغان، قەلبىنى خاتىرجەم قىلغان. ۋە يولى مەلۇملۇق ھالغا كەلگەن. بۇ مۇبارەك جۆرىنىڭ بۇ ئىشتا ئوينىغان رولى بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، ۋاپات بولغانغا قەدەر جىھادى ۋە پىداكارلىقلىرى داۋاملاشقان.

ئۇ رەسۇل ( ئەلەيھىسسالام) غا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ماددى مەنىۋى ياردەمچى بولغان بىر ئايالدۇر. ئىسلامغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ ھېچبىر نەرسىسىنى ئاياپ قالمىغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بىر ئۈلگىدۇر.

ئاخىردا مۇئمىن بىر ئايال ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ شەرەپ ئاللاھ (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ ئۇنى ئۆز يولىدا شەھىدلىككە تاللىشىدىن ئىبارەت . بۇ، مۇجاھىدە بىر ئايالنىڭ ئاللاھ يولىدا ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن بولىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىشىدۇر.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# نېمە ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز؟

ئەبۇ سۇلايمان ئەل ئۇتەيبى

ھەمد ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر. دۇرۇد ۋە سالام قىيامەتكە يېقىن بىر زاماندا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلگەن ۋە يالغۇز اللەقا ئىبادەت قىلىنىشىغا قەدەر جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلغان مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھقا ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ، پۈتۈن ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلارغا بولسۇن .

مەن اللەتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ، ئۇنىڭ ھەمراھى ۋە شېرىكىنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. مانا بۇ كەلىمە (لا إله إلّا الله) بىلەن زېمىن ۋە ئاسمانلار مەۋجۇت بولىدۇ. پۈتۈن مەخلۇقات بۇ كەلىمە ئۈچۈن يارىتىلدى . الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) بۇ كەلىمە يولىدا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. كىتابلارنى نازىل قىلدى ۋە شەرىئەتلەرنى بەلگىلىدى . بۇ كەلىمە ئۈچۈن ئادالەت تارازىلىرىنى قۇردى، قانۇنلارنى يولغا قويدى ، جەننەت ۋە جەھەننەمنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى . ئىنسانلارنى مۇسۇلمان ۋە كافىر ئىككى قىسىمغا ئايرىدى. بۇ كەلىمە يولىدا قىبلە بېكىتىلدى، ئۇممەتلەر قۇرۇلدى ۋە قىلىچلار قىنىدىن سۇغۇرۇلدى. ھېچ شۈبھىسىزكى بۇ كەلىمە الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) نىڭ قۇللىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

يەنە راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى اللەتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. اللەنى، ئەلچىسىنى ۋە مۆئمىنلەرنى دوست تۇتىمەن ۋە ياخشى كۆرىمەن ، اللەتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغانلاردىن ، تاغۇتلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىدىن يىراق بولىمەن ، پەقەتلا الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) غا ئىبادەت قىلىمەن.

«ئى مۆمىنلەر! الله غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار» (ئال ئىمران : 102)

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۇز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.» (نىسا : 1 )

«ئى مۆمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.» (ئەھزاب : 70 ـ 71)

ئى ئىسلام ئۈممىتى

ئەگەر اللەنىڭ دۈشمەنلىرى يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلار بولسا مەجۇسى رافىزىلەر ۋە مۇرتەدلەرمۇ ئۇلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرى ۋە تەرەپدارلىرىدۇر. ئۇلار زېمىننى پاساتقا دۇچار قىلدى ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتى . ئىففەت ، نۇمۇس ۋە نەسىلنى ھالاك قىلىشتى . خىيانەت قىلىش ، قېرىنداشنى يالغۇزلىقتا تاشلاپ قويۇش ، دۇنياغا چوقۇنۇش ۋە الله يولىدىكى جىھادنى تەرك قىلىش گۇناھلىرىنىڭ پۇراقلىرى دۇنيانى قاپلىدى. ئەمما ئىززەتلىك ۋە شەرەپلىك بىر ھاياتنى خالىغان اللەنىڭ خاس قۇللىرى ، ئاسارەت ئاستىدا ياشاشنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ :

ماڭا ھاياتنىڭ خارلىق سۈيىنى ئىچكۈزىدىغانغا

خانزالەنىڭ* جامىدىن ئىززەتنى ئىچكۈز...

( * مۇسى ئىنتايىن ئاچچىق بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. )

الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇنداق دەيدۇ :

« شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللەنىڭ) راستۇەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللەدىنمۇ ۋاپادارئەھدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.» ( تەۋبە : 111)

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم !

مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قايغۇلۇق ۋەقەلەر بىزنى شۇنداق ھەيرەتتە قالدۇردىكى سۆزىمىزنى قەيەردىن باشلايدىغانلىقىمىزنى ، نېمىنى سۆزلەيدىغانلىقىمىزنى بىلەلمەس بولدۇق...

مۇسۇلمانلارنىڭ يارىلىرىدىن سۆز قىلايلىمۇ؟ ياكى كافىرلارنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئەرزىيەت ۋە ئىسكەنجىلىرىدىن سۆز قىلايلىمۇ؟

«ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقاھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگەئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» ( ئالئىمران : 111 )

پايخان قىلىنغان ، دەپسەندە قىلىنغان ئىففەتلەردىن سۆز قىلايلىمۇ ياكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان ماللاردىنمۇ ؟

ئۆرۈلگەن ، تارمار قىلىنغان مەسجىتلەردىن سۆز قىلايلىمۇ ياكى بېسىۋېلىنغان زېمىنلاردىمۇ؟

بۇلار بىلەن بىرلىكتە الله تەرىپىدىن ئۈستىمىزگە چۈشكەن رەھمەتتىن سۆز قىلايلىمۇ ياكى ئۈپۇقتا پارلىغان ياردەم ۋە غەلىبىدىنمۇ؟

ئى ئىسلام ئۈممىتى !

ئۇنۇتماڭلاركى الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) بۇيرىغان بولسا ئەڭ توغرىسىنى بۇيرۇيدۇ . ئەگەر بىرەر ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئادا قىلىدۇ . ئۇمۇمەن « ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپاقىلغۇچى كىم بار؟» ( تەۋبە : 111 ـ ئايەتتىن )

ئەگەر بىر ئىش توغرىسىدا الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) سۆز قىلغان بولسا ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن سۆزلەرنىڭ ھۆكمى ئۆتمەيدۇ. الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتاپەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: «اللەنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەنئىدى. بىلىڭلاركى، اللەنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.» ( بەقەرە : 214 )

ئى ئىسلام ئۈممىتى !

تارىخىمىزنىڭ ھەر بۆلىكىدە ، زېمىنلىرىمىزنىڭ ھەر بىر غېرىچىدا ، ھاياتىمىزدىكى ھەر بىر كەلىمىمىزدە « بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» ئايىتىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلىگەن ۋە تەستىقلىغان ۋەزىيەتلەركە يولۇقىمىز.

ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئۇرۇشلار ھەق بىلەن باتىل ، ئىسلام بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدا داۋاملاشقان ۋە نەتىجىسى مەلۇملۇقتۇر . غەلبە قىلغىنى ۋە مەغلۇپ بولغىنى ئېنىق بولغاندۇر . الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا دەيدۇكى :

« ئېيتقىنكى،«سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ بىرىگەئېرىششىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ اللەنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنىياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى

كۆتتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ ( ئۆزەڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆز زىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى» ( تەۋبە : 52)

ئاللاھىم ! بۇ ئىككى ياخشىلىقنى ھەم بىزدە جەملىشىشنى تىلەيمىز.

ئاللاھىم ! ئۆز دەرگاھىڭدىن بولغان بىر ياردەم بىلەن بىزلەرگە يار ـ يۆلەك بولغىن!

ئاللاھىم ! ھاياتىمنى ئۆز دەرگاھىڭدىن كېلىدىغان شەھىدلىك بىلەن ئاخىرلىشىشقا نىسىپ قىلغىن!

ئاللاھىم ! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن ۋە بىزدىن رازى بولغىن!

ئى ئىسلام ئۈممىتى!

كىرىستكە چوقۇنغۇچى خىرىستىيانلار ئىسلام يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلغان ، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى ئازاپلارنىڭ ئەڭ يامىنى بىلەن ئازاپلىغان، ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاياللارنى تىرىك قالدۇرغاندا بىزلەر الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) نىڭ يولىدا جىھاد قىلىمىز ۋە ئۇرۇشىمىز.

ئۆز ئېرىقىمىزدىن بولغان ، بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن سۆزلەيدىغان ، جىسمىنىڭ ئىنسانغا ئوخشىغىنىغا قارىماي قەلبلىرى شەيتاننىڭ قەلبىدەك بولغان ، الله نىڭ قۇللىرىنى ئۆلتۈرگەن ، خىرىستىيانلارغا مۇھەببەت قىلغان ، زېمىندا پاسات چىقارغان تاغۇتى دۆلەتتە ئەسكەرلىك ۋە ساقچىلىق قىلىش بىلەن يار ـ يۆلەك بولغان ھەر بىر گۇرۇپپىغا قارشى الله يولىدا ئۇرۇشىمىز.

ئىففەت ۋە نومۇسلار ئاياغ ئاستى قىلىنىپ چەيلەنگىنىدە ، دۈشمەنلەر مۇسۇلمان خەلقكە فىتنىلەرنى بەرگىنىدە بىز الله يولىدا ئۇرۇشىمىز.

زېمىندا الله ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)نىڭ ھۆكۈمى قالدۇرۇلغىنىدا ، ھەق بىلەن باتىل بىر بىرىگە ئارلاشتۇرۇلغىنىدا بىزلەر الله يولىدا ئۇرۇش قىلىمىز.

رەسۇلۇللاھ ( ئەلەيھىسسالام) « كىشىلەرگە يالغانچى يىللار كېلىدۇ . ئۇ زاماندا يالغانچىلار تەستىق قىلىنىدۇ ، راستچىللار يالغانچىغا چىقىرىلىدۇ . خائىنلارغا ئىشىنىلىدۇ ، ئىشەنچىلىك كىشىلەرگە خائىنلىق قىلىنىدۇ ۋە « رۇۋەيبىدا سۆز قىلىدۇ » دېدى . ئۇنىڭدىن « ئى رەسۇلۇللاھ ! رۇۋەيبىدا دېگەن نېمە ؟» دەپ سورالغاندا رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) : « كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆز قىلغان يالغانچى كىشى » دېگەن . ( ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەل رىۋايەت قىلغان. )

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم !

بىزلەر ، الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ كەلىمىسى (لا إله إلاّ الله) نىڭ ئەڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز ، ئۇرۇشىمىز . كىمكى اللەنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن جىھاد قىلسا ، ئۇ ، الله يولىدىدۇر.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئېيتىدۇكى :

« پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈنبولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار...» ( ئەنفال : 39 )

ئالىملاردىن بەزىلىرى « ئەگەر دىنىنىڭ بىر قىسمى الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۈچۈن ، باشقا بىر قىسمى بولسا الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادىن باشقىسى ئۈچۈن بولغان بولسا ، دىن تامامەن الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش كېرەك.

« پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈنبولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىكۆرىدۇ.ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرىسە، (ئى مۇئمىنلەر!) بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭمەدەتكارىڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!» ( ئەنفال : 39ـ 40)

بىز الله يولىدا جىھاد قىلىمىز ۋە ئۇرۇشىمىز . چۈنكى الله يولىدا جىھاد قىلىش ، اللەقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ، ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. ھەتتا ئۇ ، اللەقا يېقىن بولغانلارنىڭ ۋە ياخشىلىقتا مۇسابىقىلەشكۈچىلەرنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر. چۈنكى مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش ۋە كافىرلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش پەقەت جىھاد بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. ھېچ شۈبھىسىزكى بۇ جىھادتىن پەقەت مۇنافىقلار يۈز ئۆرۈيدۇ.

« (ئى مۇھەممەد!) اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگەئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ.(ئى مۇھەممەد! سەندىن پەقەت اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگەئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا اللەنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلاررۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتىبولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشنى ياقتۇرمىدى،(ئۇلارنىڭدىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى، (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپقالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك بالىلار، ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى.» ( تەۋبە : 44ـ 46 )

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم !

ئەمدى يۇقىرقىلاردىن كېيىن بىرەرسى « نېمە ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز ؟ » دەپ سورىيالامدۇ؟ بۈگۈن بىز پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتىنى الله يولىدا جىھاد قىلىشقا ، كىرىستكە چوقۇنغۇچىلارنىڭ ۋە مۇرتەدلەرنىڭ بېشىنى يانجىشقا ۋە بۇ توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم )قا ئەگىشىشكە چاقىرىق قىلىمىز.

« ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) الله ساڭا ۋەساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.» ( ئەنفال : 64 )

« ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلاربىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگىن...» ( ئەنفال : 65 )

ئى اللەنىڭ سۇۋارلىرى ! قېنى ئاتلىرىڭلارغا مىنىڭلار !

ئى اللەنىڭ زېمىنى ، شاھىت بولغىن ! ئى اللەنىڭ ئاسمىنى ، يامغۇر ياغدۇرغىن !

ئى اللەنىڭ قوشۇنى ! قېنى قايناپ تېشىڭلار !

ئى بايراقدارلار ! قېنى تۇرۇڭلار ۋە جەننەتلەر بىلەن خۇشال بولۇڭلار !

اللەقا قەسەمكى الله ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلغانىغا قەدەر قىلىچلىرىمىزنى قويمايمىز . ئۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن قوللارنى كېسىمىز ، گەدەنلەرگە چاپىمىز.« (قىلىچ بىلەن كافىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگەچېپىڭلار (يەنىباشلىرىنى كېسىڭلار)،ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار.» ( ئەنفال : 12 )

ئى ئىسلام ئۇممىتى !

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىلەر ئۈچۈن ئۈرنەك ئەمەسمۇ؟ بەزى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنىنى بىكار قىلىش تەكلىپىنى بەرگەندە ئۇ مۇنداق دەيتتى : « الله قەسەمكى ۋەھشى ھايۋانلار مېنى مەدىنىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ پارچىلىسا ، ئىتلار مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا ھۇۋلاشسىمۇ ، رەسۇلۇللاھ ھازىرلىغان بىر قوشۇننى چېكىندۇرمەيمەن ! ئۇ چەككەن بىر بايراقنى ئەسلا يەشمەيمەن ! جېنىم ئېلىكىدە بولغانىغا قەسەم قىلىمەنكى بۇ شەھەردە مەندىن باشقا كىشى قالمىغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنى بەجا كەلتۈرىمەن . مەن ئۇ ساق ۋاقتتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدىم ، ۋاپات بولغىنىدىن كېيىن ئىسيان قىلامدىم !»

خوش ، سەئد بىن رەبىئتە سىلەر ئۈچۈن بىر ئۆرنەك يوقمۇ ؟ ئوھۇد ئۇرۇشىدا يەتمىشكە يېقىن يېرىدە ئوق ، قىلىچ ۋە نەيزە يارىسى بولغان ھالەتتە قەۋمىگە شۇنداق دەيتتى : « رەسۇلۇللاھقا ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مەندىن سالام ئېيتىڭلار ۋە دەڭلار : للەقا قەسەمكى مەن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن...» ئاندىن كېيىن جان

تەسلىم قىلدى . اللە ئۇنىڭدىن رازى بولدى ، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلدى ۋە ئۇنى رازى قىلدى.

ئاخىردا...

ھىيلىنى ئۆزىگە قورال قىلىۋالغان ۋە نىفاقنى ھەم قوتتۇلۇش دەپ بىلگەن بىر تويلۇقنى ئاگاھلاندۇرىمەن . قەسەملىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ اللەنىڭ يولىدىن ئازغان پارتىيە باشلىقلىرىنى ۋە سىياسەتچىلەرنى ئاگاھلاندۇرىمەن . ئۇلار كۇفرى بىلەن ئىمانىنى ، تەۋھىد بىلەن شېرىكنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ . ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۇلار « بىزلەر پەقەت تەۋپىقنى ۋە ياخشىلىقنى خالايمىز » دېيىشىدۇ . ئەسلىدە ئۇلار يامانلىق ۋە پاساتتىن باشقا بىر نەرسە قىلمايۋاتىدۇ.

دەسلەپ بولۇپ ئۇلارنى اللەنىڭ شىددەتلىك غەزىپى بىلەن ئاگاھلاندۇرىمەن . چۈنكى اللە سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىگە ، ئەلچىسىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا يالغان ئىپتىقانلارغا قاتتىق بىر ئازاپ تەييار قىلغان . ئۇ شۇنداق ئازاپكى ؛ ئەگەر ئۇنى بىلىشسە ئىدى ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەتتا ئۆلۈمنى تاللاشقان بولاتتى . مەن ئۇلارغا ، دۇنيادا قىلغان ھىيلىلىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى جاۋابىنى ئەسلىتىمەن :

« ئۇلار (يەنى مەككە كافىرلىرى) دىن ئىلگىرىئۆتكەن كافىرلار (ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتى (اللەنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچىبولدى)، اللە ئۇلارنىڭ (ھىيلە ـ مىكىر) بىناسىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە (بۇ بىنانىڭ) ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇلارغا ئۆزلىرى ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كەلدى. ئاندىن كېيىن اللە ئۇلارنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ، (ئۇلارغا كايىپ) «مېنىڭ شېرىكلىرىمنى قەيەردە؟ سىلەر ئۇلار توغرىسىدا (پەيغەمبەرلەر بىلەن مۇنازىرىلىشەتتىڭلارغۇ؟» دەيدۇ. ئىلىم بېرىلگەنلەر (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغان پەيغەمبەرلەر ۋەئۆلىمالار):«بۈگۈن رەسۋالىق ۋە ئازاب ھەققەتەن كافىرلارغا تېگىشلىكتۇر»دەيدۇ.» ( نەھل : 26 ـ 27 )

ئى ئاللاھىم ! زېمىن سېنىڭ زېمىنىڭ ، ئاسمان سېنىڭ ئاسمىنىڭ ، قوشۇنلار سېنىڭ قوشۇنلىرىڭ ... ئاللاھىم ! بۇ زالىم ئەھلى سەلىبلەرنى ساڭا ھاۋالە قىلىمەن . ئەھلى سەلىبلەرنىڭ كەينىدە سوكۇلدىغان ۋە ئۇلارغا چاكارلىق قىلغان مۇرتەدلەرنىمۇ... ئى رەببىم ! ئاداۋەتخور رافىزىلەرنىمۇ ساڭا ھاۋالە قىلىمەن . ئى رەببىم ! ئەرەپ بولسۇن ، ئەجەم بولسۇن بارلىق تاغۇتلارنى ساڭا ھاۋالە قىلىمەن . ئى رەببىم ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ساق قالدۇرمىغىن ! ئى رەببىم ! سەن رازى بولغانچە بىزنىڭ قېنىمىزنى ۋە جېنىمىزنى ئالغىن ! بىزدىن رازى بولماي تۇرۇپ جېنىمىزنى ئالمىغىن رەببىم !

دۇئالىرىمىزنىڭ ئاخىرى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا ھەمد ئېيتىشتۇر .

ۋە سەللەللاھۇ ئەلا نەبىيينا مۇھەممەد ...

ئەبۇ سۇلايمان ئەل ئۇتەيبى

ئىراق ئىسلام دۆلىتى شەرئى قازىسى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئويدا بولۇش

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

«ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) الله يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنى يايىدۇ، الله (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.» ( شۇئەرا:28 )

رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن...

بۇ ئايەتنى كەرىمە ، قۇرئان كەرىمدە مەن ئەڭ كۆپ توختالغان ۋە تەپەككۇر قىلغان ئايەتلەردىن بىرى...بۇ توختىلىشىمنى ھەقلىق دەپ قارايمەن. ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) الله يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنىيايىدۇ، الله (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.» ( شۇئەرا : 28 )

كىشىلەرنىڭ ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن... ئۆزلىرى ، ئەۋلادلىرى،نېئمەتلىرى ۋە تېرىپ ـ تىككەن ھەر نەرسىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەندىشىلەرگە چۈشۈشكەن... باقمىچىلىق تۈگەشكەن، زېمىن قوياش نۇرىدا كۆيۈپ قاغجىراپ كەتكەن، دەھشەتلىك ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان بىر قۇرغاقچىلىق...

تۈۋلىشىپ ئاللاھقا يالۋۇرىشىدۇ.تاكى ئۈمىدلىرى تۈگەيدۇ... ھالاك بولىدىغانلىقىغا جەزىم قىلىشىدۇ...تۇيۇقسىز ئاسماندىن،ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپىگە يايغان بىر يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلايدۇ. ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆلۈمنىڭ ئارقىسىدىن زېمىننى، روھلارنى ۋە جانلارنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ياغقان بىر يامغۇر...

ئايەت كەرىمىنىڭ ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) نىڭ « ۋەلى» ۋە « ھەمىد » ئىسىملىرى بىلەن ئاخىرلىشىشى نىمىدېگەن مەنىلىك. شۇنداق... چۈنكى قۇللارنىڭ ۋەلىسى بولغان پەقەتلا ئۇكى، قۇللىرىنىڭ ھەر بىر ئىشىنى ھەر ئان باشقۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىنمۇ ھەر ھالەتتە ھەمد ئېيتىلىشقا لايىق بولغان پەقەت ۋە پەقەت ئۇدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە دوستلار ئۇنتۇيدۇ، خاتالىق سادىر قىلىدۇ، غەپلەتكە چۈشىدۇ ۋە سەل قارايدۇ.

«ۋەلى» ۋە « ھەمد » بولغانغا كەلگەندە؛ مېنىڭ پەرۋەردىگارىم خاتالاشمايدۇ ۋە ئۇنۇتمايدۇ. ئۇنى نە بىر ئۇيقۇ ، نە بىر مۈگدەش تۇتسۇن...ئۇ تىرىك،ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ...بۇ سەۋەپتىن ئۇنى دوست تۇتقان ھەربىرەيلەن ـ ھېچ شۈبھىسىز ـ ئۇنى ئەڭ ياخشى دوست ۋە ئەڭ ياخشى ياردەمچى دەپ بىلىدۇ...ھەر ئان، ھەر يەردە دوستلىرىغا رەھمىتىنى ياغدۇرىدىغان بىر دوست... ھەتتا ئەڭ مۇشەققەتلىك پەيتلەردە،ئەڭ قىسىنچىلىقتىمۇ...

زاماننىڭ تىرەنلىكلىرىدە يول ئالغان بىر كارۋان ( سالىھلار كارۋانى) كۆز ئالدىمدىن كەچتى...

ۋە ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم ( ئەلەيھىسسالام )نى ئەسلىدىم...قەۋمى ھەر تەرەپتىن ئەتراپىنى قورشىغان، ئۇنى ئىلاھلىرىنى سۇندۇرۇش بىلەن ئەيىبلەيدۇ، قىلغان جىنايەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ ۋە تەھدىد سېلىنىدۇ... ئۇ دوستىغا قارىتا ياخشى ئويدا بولغان بىر كىشىنىڭ ماتانىتىنى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ...پۈكۈلمەس تاغلار كەبى...ھەتتا ئۇلاردىنمۇ بەكراق كۈچلۈك...

«الله نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە الله سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى اللهغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار،سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم!ئەگەرسىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)،بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققاتېگىشلىك» ( ئەنئام : 81 )

مەۋلاغا ( ئىگە بولغۇچىغا ) قارىتا ياخشى ئويدا بولۇشقا، خاتىرجەملىك ۋە ئىچكى ھوزۇرغا ئەڭ بەك ھەق ئىگىسى بولغان قايسى گۇرۇھ ؟ ھەر شەيئىنىڭ مۈلكى قولىدا بولغان، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىنى دوست تۇتقان گۇرۇھمۇ ياكى نە ئۆزىگە نە باشقىلىرىغا پايدىسى ياكى زىيىنى تەگمەيدىغانلارنى دوست تۇتقان گۇرۇھمۇ؟ جاۋاب تولۇق ۋە روشەن ھالدا كېلىدۇ...

« ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان ،ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارلاشتۇرمىغان ئادەملەرگەمەنسۇپتۇر ، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر .» ( ئەنئام : 82 )

ئىچكى ھوزۇر، خاتىرجەملىك ۋە ئىشەنچ، ئاللاھ ھەققىدە ياخشى ئويدا بولغانلىقنىڭ بىر ئەسىرىدۇر. ھەر بىرى تەۋھىدنىڭ مەھسۇلى. ئىبراھىم ( ئەلەيھىسسالام ) نىڭ قەۋمىنى ئەسلەۋاتىمەن. ئۇنى قوللىرى بىلەن ئوتنىڭ قاق ئوتتۇرسىغا ئاتماقچى بولۇپ ئېلىپ مېڭىشىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ئىگىسىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن ھېچنەرسە كەملەپ قالمايدۇ ۋە پەقەت « ئاللاھ ماڭا كۇپايە، ئۇ نېمىدىگەن ياخشى ياردەمچى » دەيدۇ.

ئاندىن ئايالىنى بوۋىقى بىلەن ئېكىنسىز بىر ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قالدۇرۇپ قويغىنىنى ئەسلىدىم. ئايالى ئۇنىڭغا « ئەي ئىبراھىم ! ئەي ئىبراھىم ! بىزنى بۇ يەردە كىمگە قالدۇرۇپ قويىسەن؟» دەپ چاقىرغىنىدا ئۇ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن ماڭىدۇ. يولدىشىنىڭ ئارقىسىغا قارىماي مېڭىشىدىن ھەيران بولغان ئايالى ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئويلىغاچ « بۇنى ساڭا ئاللاھ بۇيرىدىمۇ؟» دەيدۇ. « شۇنداق» دەيدۇ ئىبراھىم ( ئەلەيھىسسالام). بۇنى ئاڭلىغان ئايالى ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئوي ۋە ئىشەنچ بىلەن: « ئۇنداقتا ئۇ بىزنى پەرىشان قىلمايدۇ.» دەيدۇ. يولدىشىدىن ۋە ئۇنىڭدىن ئاللاھ رازى بولسۇن...

زامانىنىڭ تىرەنلىكلىرىدىكى بۇ قۇتلۇق كارۋاننىڭ ئىچىدىن نۇھ ( ئەلەيھىسسالام ) نى ئەسلەۋاتىمەن. قەۋمىنىڭ قارشىسىدا يالغۇز بىر ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە بۇ يالغۇزلىقىغا قارىماي ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ... نۇھ ( ئەلەيھىسسالام ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى ۋە پەرۋەردىگارى ھەققىدىكى ياخشى ئويىنى پەقەت ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىنتايىن ياخشىلاپ ئويلانغان كىشى چۈشىنەلەيدۇ :

« ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە :«ئى قەۋمىم! ئەگەرسىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرنى اللەنىڭ ئايەتلىرى بىلەن قورقۇتۇشۇم ئېغىر كەلگەن بولسا، مەن اللەغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى اللەغا يۆلەندىم، سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن). سىلەر بۇتلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (مېنى قەستلەيدىغان) ئىشلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار، ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن مېنى بىردەممۇ كېچىكتۈرمەي،مېنىڭ ھەققىمدە (خالىغىنىڭلارنى) ئىجرا قىلىۋېرىڭلار .» ( يۇنۇس : 71 )

ئاندىن ھۇد ( ئەلەيھىسسالام ) نى ئەسلەۋاتىمەن... زېمىنىنىڭ ئەڭ سەركەش، جاھىل زوراۋانلىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز ... ئاللاھ ئۇلارنى « كۈچلۈك» دەپ سۈپەتلىگەن... ئالدىغا چىقىدۇ ۋە دوستىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا دائىر قىلغان ياخشى ئويى ۋە بۈيۈك بىر ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

« ھۇد ئېيتتى:«مەن ھەقىقەتەن اللەنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەستلىك قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاربولغان اللەغا مەن تەۋەككۇل قىلدىم، اللەنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ).» ( ھۇد : 55 ـ 56)

ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۇچۇن يىراق، يېقىن ھەممىسىگە قارشى چىققان ئۇلۇغ بىر جامائەتنىمۇ ئەسلەۋاتىمەن. شېرىكتىن، پىسقىدىن ۋە ئىسياندىن دوستىغا قېچىشىدۇ... ئۇنىڭ رازىلىقى ئۇچۇن باياشاتچىلىق ۋە پاراغەت ئىچىدىكى بىر ھاياتقا قارشى، قىسىلچاق بىر غارنى تاللايدۇ. قوللىرىدا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بېغىشلىغان رەھمەتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ھالەتتە...

« (ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىنئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پانا جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەتقىلىدۇ، الله سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.» ( كەھف : 16 )

«...پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ...»

بىلىمەن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭ. ئۇنىڭ بىر پارچىسىمۇ بۇ غارنى، بۇ تۇرمىنى ياكى ئۇ زىندانلارنى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىغا ئۆزگەرتىشكە يېتىدۇ. باشتا گېپىنى قىلغان ئايەتنى قايتا ئەسلەۋاتىمەن. ۋە قۇللار ئۇمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن رەھمىتىنى ئاسماندىن قانداق چۈشۈرگىنىنى... ۋە قىسىلچاق ، قاراڭغۇ غارنى يەتكۈدەك كەڭرى، ئازادە بىر بوشلۇققا ئۆزگەرتىپ بەرگىنىنى ئويلىدىم... پەرۋەردىگارىمغا تەسبىھ ئېيتتىم ۋە ئۇلۇغلىدىم...

دوستلىرىغا قارىتا رەھمىتىنى يەتكۈچە يېيىشى ،مەدھىيەلىنىشكە لايىق بىر دوستنىڭ ئۆزىگە ئەڭ ياخشى تۇيغۇلار بىلەن ئىشەنچ باغلىغان دوستلىرىغا بەرگەن بىر مۇكاپاتى. تۆھمەت قىلمىغان، سۆزىنى تەستىقلىغان، بەرگەن ئەمىنلىكىگە ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ بىلەن قەلبى ھۇزۇر تاپقان دوستلارغا قارىتا...

بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر قۇدسى ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

« بەندەم مېنى ئۆزىگە قارىتا قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ئۇ مېنى يادئەتسە مەنمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى مەخپى ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى مەخپى ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائەت بار يەردە ياد ئەتسە، مەن ئۇنى ئۇ جامائەتتىنمۇياخشىراق جامائەت بار جايدا ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغابىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىمەن. كىمكى ماڭا شېرىك كەلتۈرمەستىن زېمىن توشقۇچىلىك گۇناھ بىلەن كەلسە، مەن ئۇنىڭغا ئاشۇنچىلىك مەغفىرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

كىمكى پەرۋەردىگارىغا قارىتا يامان ئويدا بولسا پەرۋەردىگارى ئۇنى ياردەمسىز قالدۇرىدۇ ۋە بۇ ئويى سەۋەبىدىن ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

بىراۋنىڭ ئاللاھنى « ئەڭ ياخشى دوست ۋە ئەڭ ياخشى ياردەمچى » دەپ بىلىشى پەرۋەردىگارى توغرىسىدىكى ياخشى ئويىدىن كېلىپ چىقىدۇ. پەرۋەردىگارىنى باشقا دوستلارغا ئوخشىتىشتەك بىرەر نۇقساندىن پاكلايدۇ. ئۇلار شۇنداق دوستلاركى ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى تەرك قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئازدۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى نېمىدىگەن يامان دوست.

دوستىنى ( ئاللاھنى ) نۇقساندىن پاك دەپ مەدھىيىلىگەن، ئۇنى ئۇلۇغلىغان، ئۇ توغرىسىدا ياخشى ئويدا بولۇپ ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغان كىشى ئۈچۈن ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

« كىم ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.» ( تالاق : 3 )

قۇل پەرۋەردىگارىغا تۇتقان ياخشى ئويىنىڭ مىقدارىچە ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلمىغىنىغا ئوخشاش، ئۈمىد باغلىغانلارنىڭمۇ ئۈمىدىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) ھىرادا ۋەھيي پەرىشتىسىنى كۆرگىنىدە قەلبى تىترىگەن ھالدا قايتىپ كەلگەن چاغدا خەدىچە ( رەزىيەللاھۇ ئەنھا ) ئانىمىز، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدى:

« ئۇنداق ئەمەس ، ئاللاھقا قەسەمكى ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا شەپقەت قىلىسەن، ئاجىز ، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

خەدىچە ( رەزىيەللاھۇ ئەنھا ) ئانىمىز ئاللاھنىڭ ،ئېھسان ساھىبى بولغان قۇللىرىغا بولغان مۇئامىلىسى ھەققىدىكى ياخشى ئويى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ ئۇنى رەسۋا قىلمايدىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلغان ئىدى.

«... شۈبھىسىزكى، پەقەت كافىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.» ( يۈسۈف : 87 )

كافىرلارغا ئوخشاش بىر يول تۇتۇشنى ئۆزىگە خوپ كۆرمىگەن ۋە دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئويدا بولغان مۇئمىنلەر ئۈچۈن بۇ بىر ھەق...بۇ ئايەتنىڭ زاھىرى دۇنيا ھاياتىغا قارىتىلغان. ئاخىرەت ھاياتىغا قارىتىلغىنىدا بولسا ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» ( زۇمەر : 53 )

بۇ ئايەت ئالىملارنىڭ كۆرسەتكىنىدەك چوڭ بىر خۇش خەۋەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى كىشىگە ئەڭ ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئايەتتۇر. ۋە بۇ ئايەت كەرىمدە ئاللاھۇ تەئالا قۇللىرىنى شەرەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىللە زىكىر قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە سېغىنغان، ئۆزىگە قارىتا ياخشى ئۈيدا بولغان قۇللىرىنى تەرك قىلمايدىغان، شۈكۈرلەر ئېيتىشقا ئەڭ لايىق بولغان دوستتۇر. بۇنىڭ كەينىدىنلا رەھمەتتىن ئۈمىد ئۈزۈشنى چەكلەۋاتىدۇ. ئاندىن قۇللىرىغا ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئېچىلىپ تەۋبە قىلغان ھەربىرەيلەننىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھۇ تەئالانىڭ ، ئۆزىگە ياخشى ئۈي بىلەن ئىلتىجا قىلىپ يۈزلەنگەنلەرنى مەغفىرەت قىلىشى،ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ھىچ شۈبھىسىز مۇئمىن قەلبلەرگە بۈيۈك بىر ھوزۇر، سادىقلارغا ئىشەنچ بېغىشلايدىغان بىر خۇش خەۋەردۇر.

«سىلەرگەئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلارۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار.» ( زۇمەر : 54 )

كىشىنىڭ ئۆلۈم ئۆزىگە يېقىنلاشقان چاغدا ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئۈيدا بولۇشى بولسا، قەلبىنىڭ ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسىگە ئىشىنىشى، ئۆزىنى ئەسلا ياردەمسىز قالدۇرمايدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ئەمەللىرىنىڭ زايە كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ. ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دەيدۇ:

« سىلەردىن ھىچبىرىڭلار ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئۈيدا بولماي تۇرۇپ ئۆلمىسۇن.» ( مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇد )

كىشىنىڭ ھايات چېغىدا ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئۈيدا بولۇشى ، داۋاملىق ھالدا تەۋبە قىلىشنى، ئۇنىڭغا سېغىنىشنى ۋە سالىھ ئەمەللەر ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ۋە ئوخشاشلا پەرۋەردىگارىغا ئىسيان قىلىپ ئۇنىڭغا قارىتا يامان ئۈيدا بولغانلارنى تەرك قىلىشنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ.

ئاللاھتىن بىر نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىش بىلەن ، ئۇ ھەققىدە ياخشى ئۈيدا بولۇشنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. بىرىنچىسى ئۇنىڭغا ئىسيان كۆتۈرگەنلەرنىڭ يولى بولسا ئىككىنچىسى مۇئمىنلەرنىڭ يولىدۇر.

ئارزۇ قىلىشتا زەئىپلىك، ھورۇنلۇق، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىش مەۋجۇت. ئارزۇ قىلىش: ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ،تەۋبە قىلىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن يوقسۇل بىر رەۋىشتە ئالالاھتىن بىر نەرسىلەرنى كۈتۈشتۇر.

ئەمما شەرئى مەنىدىكى ئۈمىد قىلىش ۋە ياخشى ئويدىن كۆزدە تۇتۇلغىنى، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئاخىردا ئالالاھقا ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە تەۋەككۇل قىلىشتۇر.

بىرىنجىسى ھىچقانداق تىرىشماستىن تېرىقچىلىق قىلىدىغان تۇپراققا ئىگە بولماقچى بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ياكى ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە يۈكلىمەي تۇرۇپ پەرزەنتلىك بولماقچى بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئىككىنجىسى بولسا؛ تۇپراقنى ئاغدۇرىدۇ، ئۇرۇق چاچىدۇ، ئاندىن كېيىن ھوسۇلنىڭ پىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئالىملار ئۈمىد قىلىش ۋە ياخشى ئويدا بولۇشنىڭ ئەمەل بولماي تۇرۇپ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىجمائغا كېلىشكەن. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئالالاھنىڭ ھەرگىز رەسۋا قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبىسى ۋە ئىنچىكە ئىدراكىغا تايانغان سۆزىنى باشتا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ياخشى ئويدا بولۇشنىڭ كىشىنى سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ دىيارىغا ئېلىپ بارىدىغان، ئاخىرەت يۇرتىغا يېتىشىنى قولايلاشتۇرىدىغان بىر ئامىل بولۇشى ئۈچۈن مۇتلەق ھالدا ئەمەل بىلەن باغلانغان بولۇشى كېرەك. سالىھلارنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى ئويدا بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن سۆزلىرىدە بۇنى شەرت قىلىپ قوشقان.

ئالالاھقا قارىتا ياخشى ئويدا بولۇشنىڭ لازىملىرىدىن بىرسى بولسا گۇناھلارغا چۆمگەن، ئازغۇنلۇقنى تاللىغان كىشىلەردىن يىراقلىششتۇر. پەقەت دۇنيادا ئالالاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن يولىنى ئايرىغان، ئۇلارنىڭ تۈزۈلمىلىرىدىن، قانۇنلىرىدىن يىراق بولغان كىشىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى ئازاپتىن قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىشى ھەقلىق. ئۇ دۇنيادا كافىرلاردىن قانداق يىراق تۇرغان بولسا پەرۋەردىگارىمۇ ئۇنى قىيامەت كۈنىدە كافىرلاردىن يىراق قىلىدۇ.

ئەمما كىم كافىر ۋە مۇشرىكلاردىن ئايرىلمىسا، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىسە، ئۇلارنىڭ باتىل قانۇنلىرىدىن يىراق تۇرمىسا ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولسا ... مانا بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالالاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىشقا ھەققى يوقتۇر. ئۇ دۇنيادا كافىرلار بىلەن قانداق بىللە بولغان بولسا ئالالاھمۇ قىيامەت كۈنىدە ئۇنى دۇنيادا بىللە بولغان كىشىلەر بىلەن باراۋەر قىلىدىغاندۇر.

«...اللەھەققەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كافىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ.» ( نىسا : 140 )

كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىگە دائىر پەرۋەردىگارى ھەققىدە ياخشى ئويدا بولۇشى پەقەت دۇنيادىكى چېغىدا قىلغان ئەمەللىرى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

ئەي قېرىندىشىم ! سەن دۇرۇس بولغان، تەۋبە قىلغان ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىپ گۇناھكارلارنىڭ يوللىرىدىن يۈز ئۆرىگەن مۇددەتچە پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قىلغان سوداڭدا تەرك قىلىنىشتىن، ئالدىنىشتىن، سەل قارىلىشتىن قورقمىغىن.

ئاللاھىم ! بىز سېنىڭ توغراڭدا نەبىيىڭنى قۇتقۇزغىنىڭغا ئوخشاش بىزنىمۇ قۇتقۇزىدىغانلىقىڭغا دائىر ياخشى ئويدا بولۇۋاتىمىز. ئاللاھىم! بىزنى مەرھەمىتىڭ بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ قايغۇلىرىدىن قۇتقازغىن. ئامىين...

« شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەربىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللەنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەكۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللەدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشالبولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.» ( تەۋبە : 111)

ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

سۇلتا تۈرمىسى

مۇھەممەد مۇستافانىڭ ھىجرىتىنىڭ 1419 يىلىدا

ئاللاھنىڭ مۇسانى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقازغان كۈنىنىڭ ئاخشىمى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# غەلىبىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن بەش ئاساس

شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ « ئەل ئۇمدە فى ئىئدەدىل ئۇددە »
ناملىق كىتابىدىن بىر بۆلۈمنىڭ تەرجىمىسى

بۇ ئاساسلارنى مۇنداق تەرتىپكە تىزىشىمىز مۇمكىن :

بىرىنچىسى : غەلىبە يالغۇز الله نىڭ ئىلكىدە.

ئىككىنچىسى : الله تەئالا ، دۇنيادا مۇئمىن قۇللىرىغا ، دۈشمەنگە قارشى ياردەم قىلىش ۋەدىسىنى بەرگەن .

ئۈچىنچىسى : الله تەئالانىڭ بۇ غەلىبە ۋە ياردەم قىلىش ۋەدىسى ، كامىل ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر. ھەر مۇئمىننىڭ بۇ ياردەمدىن نېسىۋىسى ، ئىمانى مىقدارىدا بولىدۇ.

تۆتىنچىسى : الله تەئالا مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى ، شەرتلەرنىڭ ئادا قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

بەشىنچىسى : بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلىشىشى كېچىكسە ، قۇل بۇنىڭغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك شەرتلەرنى تاماملىشى كېرەك.

بىرىنچىسى : غەلىبە يالغۇز الله نىڭ ئىلكىدە.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اللەنىڭ تەرىپىدىندۇر.» ( ئالئىمران : 126 )

ئايەت، ئەرەب تىلىدا چەكلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. بۇ چەكلەش بولسا ، بولۇشسىزلىقنى ئىپادىلىگەن « ما » ھەرپى بىلەن ئىستىسنا ھەرپى بولغان « ئىللا » ھەرپلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدۇر. بۇ مەنا ، الله تەئالانىڭ : « ئەگەر الله سىلەرگە ياردەمبەرسە، ھېچ كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر الله سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، اللەدىنباشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۇئمىنلەر يالغۇز اللەغا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنىھەممە ئىشنى اللەغا تاپشۇرسۇن)» ( ئالئىمران : 160 ) ئايىتىدىمۇ بار. ھۆنەين ئۇرۇشىدا ساھابىدىن بەزىلىرى بۇ مەناغا سەل قاراپ سانىنىڭ كۆپلىكىگە ئالدانغىنىدا ، الله نىڭ ئىزنى بولماستىن سان ۋە ھازىرلىقنىڭ بىرەر ئىشقا

يارىمايدىغانلىقىنى كۆرۈشى ئۈچۈن مەغلۇبىيەت مەيدانىغا كەلدى. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىنى ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جىڭدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۇگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار)، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنا مۇئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاچتىڭلار. ئاندىن الله پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، الله كافىرلارنى (ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كافىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ.» ( تەۋبە : 60 )

الله تەئالا ، ئۇلارغا ئۇلار ئىشەنگەن بۇ كۆپلۈك بولماستىن نۇرغۇن يەردە ياردەم قىلغانلىقىنى ئەسلەتتى. كۆپلۈككە ئالدىنىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىشنىڭ ئۇلارغا بىرەر مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى ۋە يېڭىلگەنلىكىنى بىلدۈردى. مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇلارغا غەلبىنىڭ ئەسقاتمىغان سانى كۆپلىكتىن ئەمەس ، اللەتىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم قىلىپ غەلبە ئاتا قىلدى ۋە كۆپچىلىكى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويغان : « غەلبە پەقەت اللەدىندۇر » پرىنسىپىگە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى.

ئىككىنچىسى : الله تەئالا ، دۇنيادا مۇئمىن قۇللىرىغا ، دۈشمەنگە قارشى ياردەم قىلىش ۋەدىسىنى بەرگەن .

بۇ ، ئۆزگەرتىلىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان توغرا بىر سۆز ۋە الله تەئالانىڭ ئۆزگەرمەس قەدەرى بىر قانۇنىدۇر. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« (ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى)،ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى.» ( رۇم : 47 )

« سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى،ئۇلار ئىنكار قىلغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى،ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، اللەنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم

ئۆزگەرتەلمەيدۇ،شۈبھىسىزكى،پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى.» ( ئەنئام : 34 )

« اللەنىڭ سۆزلىرىنى ھەر قانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ..» يەنى ئىجتىمائى قانۇنلىرى چوقۇم ئەمەلىيلىشىدۇ. « «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.» بۇ قانۇنلاردىن يەنە بىرى بولسا مۇئمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىدىن ئىبارەت : « ئۇلارغا ياردىمىمىز يېتىپ كەلگەندە...»

ياردەم قىلىش ۋەدىسى ، يۇقىرىقى ئايەتلەردە بولغىنىدەك ، ئاخىرەتتە ئەمەس ، دۇنيادا بولغان ياردەمدۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.» ( غافىر : 51 )

« مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار ـ يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى .» ( سەف : 14 )

الله تەئالانىڭ بۇ ئىجتىمائى قانۇنلىرىنىڭ كېرەكلىرىدىن بىرى بولسا ، زېمىندا مۇئمىنلەرگە رەھبەرلىكنى بېرىشىدۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۇچۇن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى...» ( نۇر : 55 )

« كافىرلار پەيغەمبەرلىرىگە :«سىلەرنى زېمىنىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك»دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھى قىلدى:«زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز. ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر». ( ئىبراھىم : 13 ـ 14 )

بۇ ۋە نۇر سۈرىسىدىكى ئايەت ، الله تەئالانىڭ مۇئمىنلەرگە ، ئىلگىرىكى مۇئمىنلەرگە نىسىپ قىلغىنىدەك دىننى خاتىرجەم ھالدا ياشىيالايدىغان ۋە ھاكىم بولالايدىغان بىر ۋەزىيەتنى نىسىپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا الله تەئالا بۇنىڭ شەرتلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىۋاتماقتا : « الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە...» ۋە « بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر.» دەيدۇ . نۇر سۈرىسىدىكى ئايەتتە : « ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك »

دېيىشى ، ئۆزگەرمەس بۇ ئىلاھى قانۇننى تەكىتلەش ۋە تېخىمۇ ئوچۇقلاپ بېرىش ئۈچۈندۇر. يەنى ، سەلەردىن بۇرۇنقىلار ئۈچۈن بۇ ئەمەلىيلەشكىنىدەك ، شەرتلىرىنى ئورۇنلىغان ۋاقىتلاردا سىلەر ئۈچۈنمۇ ئەمەلىيلىشىدۇ، دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ .

ئۈچىنچىسى : الله تەئالانىڭ بۇ غەلبە ۋە ياردەم قىلىش ۋەدىسى ، كامىل ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر. ھەر مۇئمىننىڭ بۇ ياردەمدىن بولغان نېسىۋىسى ، ئىمانى مىقدارىدا بولىدۇ.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « ...مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى .» ( رۇم : 47 ) قۇلنىڭ اللەنىڭ ياردىمىدىن ئىمانىغا كۆرە نېسىۋىسى بولىدۇ. ئىمان دەرىجىسى يۇكسەلگەنچە اللەنىڭ ياردىمىدىن نېسىۋىسىمۇ ئارتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىمان دەرىجىسى تۆۋەنلىگەنچە ، اللەنىڭ ياردىمىدىن نېسىۋىسىمۇ تۆۋەنلەيدۇ.

بۇ ، ئىماننىڭ ، تارماقلاردىن تەركىب تاپقانلىقى ۋە كېمىيىپ ئاشىدىغانلىقى ئاساسىغا تايىنىدۇ. بۇ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ ئېتىقادىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدىن ياكى يەتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى «لائىلاھە ئىللەللاھ » دېيىش ، ئەڭ تۆۋىنى كىشىلەرگە ئەرزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن يولدىن ئېلىۋېتىشتۇر. ھايا ـ شۇ شاخچىلارنىڭ بىرىدۇر. » ( مۇسلىم ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.)

باشقا بىر ھەدىستە بولسا مۇنداق كېلىدۇ : « اللەنىڭ ئەلچىسى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دېدى : « مەن ئۇيقۇدىكى چېغىمدا ئىنسانلارنىڭ ماڭا ئۈچىسىدىكى كۆينەكلىرى بىلەن كۆرستىلگەنلىكىنى كۆردۈم . كۆينەكلەرنىڭ بەزىسى كۆكسىگە قەدەر ، بەزىسى بولسا تېخىمۇ تۆۋەن ئىدى . ئۆمەر ئىبنۇل خەتتاب بولسا ئۈستىدىكى ئۇزۇن بىر ئەنتارىنى (ئۇزۇن پۇركەنجىلىك چاپان ـ ت) كىيىۋېتىپ ماڭا كۆرستىلدى .» « بۇنى قانداق شەرھلىدىڭىز ئى اللەنىڭ ئەلچىسى ؟ » دېيىشتى. اللەنىڭ ئەلچىسى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) : « دىن بىلەن » دېدى .» ( بۇخارى ) بۇخارى ، سەھىھىنىڭ « ئىمان » بۆلۈمىنىڭ بېشىدا « ئىمان سۆز ۋە ئەمەلدۇر ، ئاشىدۇ ۋە كېمىيىدۇ » دەيدۇ. ئىبنى ھاجەر مۇنداق دەيدۇ : « ئەبۇل قاسىم ئەل لالەقائى « كىتابۇس سۈننە » دە شافىئى ، ئەھمەد ، ئىسھاق بىن راھۋيە ، ئەبۇ ئۇبەيد ۋە باشقا ئىماملاردىن بۇ شەكىلدە نەقىل قىلغان ۋە سەھىھ بىر سەنەد بىلەن بۇخارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان : « ئوخشىمىغان شەھەرلەردە مىڭدىن ئارتۇق ئالىملار بىلەن

كۆرۈشتۈم . ئىمانىڭ سۆز ۋە ئەمەل ئىكەنلىكى ، ئاشىدىغانلىقى ۋە كېمىيىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەرسىنىڭ ئىختىلاپ قىلغىنىنى كۆرمىدىم .» ( فەتھۇلبارى ، 47/1)

كىشىنىڭ ئىمانى كۈچەيگەندە اللەنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىدىن نېسىۋىسى ئارتىدۇ. جىھاد ساھەسىدە غەلبە ئىككى شەرتكە باغلىق :

1ـ ئومۇمىي شەرت : بۇ ، ئىمانى ھازىرلىقتۇر. بۇ بولسا بىراۋنىڭ « مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى» ئايىتىدە كۆرسىتىلگەن مۇئمىنلەردىن بولالىشى ئۈچۈن ؛ قەلبى ، زاھىرى، ئىلمى ۋە ئەمەلى ئىمان تارماقلىرىدىن ھەممىسىنى دائىما كۈچەيتىشى بىلەن بولىدۇ.

2ـ خاس شەرت : بۇ بولسا جىھاد ئۈچۈن قىلىنىدىغان ماددى ھازىرلىقتۇر. قۇرال تەييارلاش، مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشقا تەشۋىق قىلىش، الله يولىدا نەفقە قىلىش ۋە پىداكارلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيە بولسا بۇ سانالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « (بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كافىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەققەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ اللەيولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ).» ( ئەنفال : 59 ـ 60)

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ، كافىرلارنى تولۇق قورۇشىغانلىقىنى ، ئۇلارغا كۈچى يېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇزىنى ئاجىز قالدۇرالمايدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا . ئەمما بۇلار بىلەن بىللە بىزگە ، ئىلاھى ياردەم ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە قولىمىزدىن كەلگەنچە ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلىشنىمۇ بۇيرۇغان . چۈنكى دۇنيا ، ئىمتىھان يېرى ۋە ئىشلار دۇنيادا سەۋەبلەرگە باغلانغان ھالدا يۈرۈشىدۇ. الله تەئالا ، ئىمانىدىكى راستچىللىق دەرىجىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن مۇئمىننى كافىر ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىدۇ . مۇئمىن كىشىنىڭ كافىرغا قارشى جىھاد قىلىشى ، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇۋۋەت تەييارلىشى بۇ ئىمتىھانىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىمان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇدىغانلىقىنى ياكى ئاۋاز قوشماي ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كافىرنىمۇ ، مۇئمىن ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىدۇ . الله تەئالا ، ھەر ئىككى تەرەپنى بىر بىرى بىلەن ئىمتىھان قىلىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ :

« ... ئەگەر اللە خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن اللە بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)...» (مۇھەممەد : 4)

ماددى تەييارلىق دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلاردىن بىرسى بولسا ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەن قارشى سەپلىرىنى بىرلەشتۈرىشىدۇر. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« (پۈتۈن سۆز ـ ھەركەتلىرىڭلاردا) اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ،(دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» ( ئەنفال : 46)

ئايەتتە ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە تارتىششىنىڭ بولۇشىنىڭ ، مەغلۇبىيەتنىڭ ئەڭ رۇشەن سەۋەبى ئىكەنلىكى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇشىنىڭ بولسا غەلىبىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ اللەنىڭ جامائەسىدىندۇر). اللەنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر.» ( مائىدە : 56 )

شۈبھە يوقكى ، ماددى جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشمۇ ئىماننىڭ ئۇللىرىدىن . چۈنكى بۇ ، اللە تەئالانىڭ بىر ئەمرىنى ئادا قىلىشتۇر. ئادا قىلىنغان بۇ ئەمىر بولسا ، اللە تەئالانىڭ ئۇشبۇ بۇيرۇقىدىن ئىبارەت :

« ... دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار...» ( ئەنفال : 60 )

بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالدۇق . بۇنىڭ ئىمانى تەييارلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، خاس بولغانىنىڭ ئومۇمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شەكلىدىدۇر.

تۆتىنچىسى : اللە تەئالا مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان بۇ ياردەمنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى ، شەرتلەرنىڭ ئادا قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

بۇ بولسا قۇلنىڭ ئىمانى ۋە ماددى تەييارلىقنى لايىقىدا بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى.

بۇ ياردەم ۋەدىسىنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكىنىڭ مەنىسى : كافىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا غالىب كېلىشى ، دۆلەتنىڭ كۇفرىنىڭ ۋە كافىرلارنىڭ قولىدا بولۇشىدۇر. بۇلارنىڭ

ھەممىسى ئىماندىكى كەمتۈكلۈك ، مەئسىيەت ۋە گۇناھلار سەۋەبىدىن بولغان. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ...ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر...» ( نىسا : 79 )

« سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).» ( شۇرا : 30 )

« بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە الله ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ...» ( ئەنفال : 53 )

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ : « الله تەئالا بۇ ئايەتتە ، مۇكەممەل ئادالىتىنى ۋە كىشىگە بەرگەن نېئمىتىنى ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولماستىن تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆكمىنى بايان قىلىدۇ.» الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

« شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ.» ( يۇنۇس : 44 )

الله تەئالانىڭ بۇ ئىجتىمائى قانۇنى ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تاللانغىنى بولسىمۇ ، ھېچكىمنى قايرىپ قويمايدۇ . بۇنىڭ ئەڭ رۇشەن مىساللىرىدىن بىرى ، ئوھۇد كۈنى ساھابىلەرنىڭ ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ) بېشىغا كەلگەن يارىلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقان ئىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىۋاتماقتا : جامائەت بولۇپ ئادا قىلغان ئىشلاردا ، بەزىلەرنىڭ مەئسىيەتلىرى ھەممەيلەنگە زەرەر بېرىدۇ . ئوھۇد كۈنى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر بىلەن ئالاقدار ھالدا الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە

غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» ( ئالئىمران : 165 )

دۈشمەننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا مۇسەللەت بولۇشى ، گۇناھلىرى سەۋەبلىك اللە تەئالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن بىر جازاسىدۇر. ئىنسان بولغان دۈشمەنلەر نۇقتىسىدىن ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاندەك جىن بولغان دۈشمەنلەر نۇقتىسىدىنمۇ مۇشۇنداق . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« كىمكى مېھرىبان اللەنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ.» ( زۇخرۇف : 36 )

قۇل قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا مۇسەللەت بولۇشىغا يول ئاچىدۇ ۋە ئىنسانلاردىن بولغان دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئۇنى خار قىلىدۇ . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى...» ( ئالئىمران : 155 )

بۇ پرىنسىپنى مۇنداقمۇ بايان قىلىشىمىز مۇمكىن : مۇسۇلمانلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئەسلىدە خۇسۇسى ئىچكى سەۋەبلەردىن ئىبارەت . بۇ مۇسلىم سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئۇشبۇ ھەدىستە ئوچۇق بىلدۈرۈلمەكتە :

« اللە تەئالا زېمىننى مەن ئۈچۈن قاتلاپ يىغدى، مەن ئۇنىڭ شەرقىنى ۋە غەربىنى كۆردۈم . ئۈممىتىمنىڭ مۈلكى ، ماڭا كۆرسىتىلگەن يەرلەرگە قەدەر ئۆزىرايدۇ . ماڭا ئىككى خەزىنە بېرىلدى ، قىزىل ۋە ئاق خەزىنىلەر . مەن پەرۋەردىگارىمدىن، ئۈممىتىمنى ئومۇمي بىر قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقىنى ، ئۈممىتىمگە ئۆزىدىن باشقا بىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ كۆپچىلىكىنى ھالاك قىلىشىغا مەيدان بەرمەسلىكىنى تەلەپ قىلدىم . پەرۋەردىگارىم بۇ تەلەپلىرىمگە مۇنداق جاۋاب بەردى : « ئى مۇھەممەد ! بىر ھۆكۈم بەردىممۇ ئەمدى ئۇ قايتۇرۇلمايدۇ . مەن سېنىڭ ئۈممىتىڭگە « ئۇلارنى ئومۇمى بىر قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلمايمەن ، ئۆزىدىن سىرىت ، كۆپچىلىكىنى ھالاك قىلىدىغان بىر دۈشمەننى ھەم مۇسەللەت قىلمايمەن ، ھەتتا زېمىننىڭ ھەر تەرىپىدىكىلەر ، ئۇلارغا قارشى توپلانسىمۇ . ئەمما ئۆز ئارىسىدا بىر بىرلىرىنى ھالاك قىلىشىدۇ.»

بۇ ھەدىس ، مۇسۇلمانلار بۆزۈقلۇقتا جازاغا لايىق بولىدىغان دەرىجىگە چۈشمىگىچە ، الله تەئالانىڭ ئۇلارغا تاشقىرىدىن كافىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلمايدىغانلىقىنى ۋە مەغلۇبىيىتىنىڭ ئانا سەۋەبىنىڭ بولسا خۇسۇسى ، يەنى ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە .

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىنىڭ ۋە ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىنى ، كافىرلارنىڭ ھىيلە ۋە پىلانلىرىغا باغلىغانلارنىڭ خاتالىقى ئېنىق . يەھۇدىلارنىڭ پىلان ۋە تاكتىكىلىرىدىن قورقۇتقان ۋە ھەر تۈرلۈك يامانلىقنى ۋە پاساتنى ئۇلارغا نىسبەت بەرگەن بەزى يازغۇچىلار بۇ خاتانى سادىر قىلىۋاتماقتا. ھالبۇكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى كېرەك بولغان ھەقىقەت شۇكى : مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا نېمە مۇسىبەت كەلسە كەلسۇن ، بۇ مۇسىبەتلەردىن بىرىنچى دەرىجىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى جاۋابكار. چۈنكى الله تەئالا : « ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر.» ( نىسا : 79 ) دېمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ، كامىل ئىمانغا ئىگە بولغان مۇئمىنلەرگە قارشى كافىرلارنىڭ ھىيلە ۋە ئويۇنلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئۇشبۇ ئايەتتە بىلدۈرمەكتە :

« ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان- زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا ، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» ( ئالئىمران : 111 )

ئەرزىيەت ، كىچىك زەرەردۇر . بۇ، زەرەرنىڭ ئومۇمىيسىدىن بۇنىڭ ئىستىسنا قىلىنغانلىقىدىن ئايدىڭلىشىۋاتماقتا . گۇزەل ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ... شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.» ( نىسا : 76 )

بۇ ئايەت ، كافىرلارنىڭ ھىيلە ۋە تۈزاقلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئوچۇق بىر نەستۇر.

« بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، الله مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، كافىرلارغا مەدەتكار يوقتۇر.» (مۇھەممەد:11)

شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى ، دۈشمەنلىرى سەۋەبىدىن ئەمەس دەسلەپ بولۇپ ئۆزلىرى سەۋەبىدىندۇر. مۇسۇلمانلار ئىسيان ۋە گۇناھلار بىلەن دۈشمەنلىرىگە پۇرسەت ۋە ئىمكان بەرگەن.

بۇ تۆتىنچى ئاساسنىڭ نۇرى ئاستىدا مۇسۇلمان شەخس ۋە جامائەتلەر ئۆزلىرىگە باھا بېرىشلىرى كېرەك . بۇنىڭ نۇرى ئاستىدا ، گۇناھ ۋە قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشلارنى كەمچىل ھالدا ئىجرا قىلىش بولماي تۇرۇپ مۇسىبەتنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچ ھېسابلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى كېرەك . بۇ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنىڭ ئىلىپ بېرىلىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، الله ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.» ( رۇم : 41 )

« ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى) نى تېتىتىمىز.» ( سەجدە : 21 )

پۈتۈن شەرىئەتلەردە بۇنىڭ كەسكىن بىر ئاساس ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە نەزەر سېلىش يېتەرلىك. الله يولىدا باشلىرىغا بىرەر ئىش كەلگىنىدە بۇنىڭ ئۆزلىرى قىلغان گۇناھلار سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋە دەرھال اللەقا تەۋبە ۋە ئىستىغفار ئېيتىشقان .

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار اللەنىڭ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت :« پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى ، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن ، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيداندا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن » دېگەندىن باشقا بولمىدى.» ( ئالئىمران : 146 ـ 147 )

قۇرئان كەرىمدە قىسسىسى كەلگەن باغ ئىگىلىرىمۇ ، بېغى خاراپ بولغاندا بۇنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە دەرھال تەۋبە قىلىپ اللەقا يۈزلەنگەن:

« ئۇلارنىڭ ياخشىسى (يەنى ئەڭ ئەقىللىقى): «سىلەر نېمىشقا اللەغا تەۋبە قىلىپ تەسبىھ ئېيتمايسىلەر دېمىگەنمىدىم» دېدى.ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! سېنى پاك ئېتىقاد قىلىمىزكى، بىز (مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى مەنئى قىلىش بىلەن) ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۆزئارا مالامەت قىلىشتى.ئۇلار دېيىشتى: «ۋاي بىزگە! بىز ھەقىقەتەن ھەددىمىزدىن ئېشىپتۇق.ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق باغنى بەرگەي، بىز ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىزدىن ئۈمىد قىلغۇچىلارمىز». ( قەلەم : 28 ـ 32 )

بەشىنچىسى : بۇ يارىدەمنىڭ ئەمىلىيلىشىشى كىچىكسە ، قۇل بۇنىڭغا لايىق بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك شەرتلەرنى تاماملىشى كېرەك.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ...ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ) ...» ( رەئد : 11 )

بۇ الله تەئالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى . اللەنىڭ، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى كۆتۈرىۋېتىشى ۋە نېئمەتلەرنى ئاتا قىلىشى ئۈچۈن قۇل دەسلەپ بولۇپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تۈزىتىشى كېرەك . اللەقا ئىتائەتسىزلىك قىلىشى ۋە بىپەرۋالىق قىلىشى داۋام قىلغان ھالەتتە مۇسىبەتلەردىن قۇتۇلۇشنى كۈتۈشنىڭ مەنىسى يوق . بىز يۇقىرىدا توختالغان تۆتىنچى ماددا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىپ كافىرلارغا قارشى خار بولۇشى سەۋەبىنىڭ، خۇسۇسى قۇرۇلمىلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايان قىلىدۇ . بەشىنچى ماددا بولسا ئوخشىمىسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ، ئۆزگىرىشنىڭ مەخسۇس ئىچكى قىسىمدىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن باشلىنىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

الله تەئالانىڭ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ يېتىپ كېلىشى ياكى كەلمەسلىكى بىلەن ئالاقىدار ھالدا نەزەردە تۇتۇلۇشقا تېگىشلىك بەش ئاساس مۇشۇلاردىن ئىبارەت . مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بولۇپمۇ دەۋەت ۋە جىھاد ساھەسىدە تىرىشىۋاتقانلار ، بۇ ئاساسلارنى ئەقلىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك .

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ ، « ئەل جەۋابۇل كافى لىمەن سەئەلە ئەنىددەۋائىش شافى » ئىسىملىك ئەسىرىدە بۇ ئاساسلاردا ئايرىم ئايرىم ھالدا توختالغان . ئۇ كىتابىدا گۇناھلارنىڭ كىشىلەر ۋە جەمئىيەت ئۈستىدىكى يامان تەسىرلىرىنى بايان قىلغان. « ئىغاسەتۇل لەھفان مىن ماسايىدىش شەيتان » ناملىق كىتابىدىمۇ مۇئمىنلەرگە اللەنىڭ يارىدەم قىلىشىنىڭ شەرتلىرىنى ، يارىدەم كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە بۇنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئېسىل بۆلۈملەرنى ئاچقان ( قاراڭ . ئىغاسەتۇل لەھفان، 2188 ـ 108/ ، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە ،ھىجرىيە1407). ئىبنى تەيمىيەمۇ ( رەھىمەھۇللاھ ) ، « ساقا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر.» ( نىسا : 79 ) ئايىتى بىلەن ئالاقىدار ھالدا ، يەنە بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن « ئەل ھاسەنە ۋەسسەييىئە » ئىسىملىك كىتابىنى يازغان . پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ۋە بولۇپمۇ ئىسلام ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى بۇ كىتابلارنى ئوقۇشقا ۋە ياخشىلاپ چۈشىنىشكە

چاقىرىمەن . چۈنكى ئۇلار ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ چوقۇم بىلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان بۇ ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ ،« ئىغاسەتۇل لەھفان » ئىسىملىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ : « اللە تەئالا دىنىغا ، ئۆز تەرەپتارلىرىغا ۋە ھەم ئىلىم ھەم ئەمەل بولۇپ دىنىنى ئىجرا قىلغان دوستىغا ياردەم بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . ئىگىسى ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ ، باتىلغا ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالمىغان. ئۈستۈنلۈك ۋە ئىززەتمۇ ، اللە ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن ، كىتابلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن نازىل قىلغان « ئىمان » نىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈندۇر. بۇ ئىمان بولسا ئىلىم ، ئەمەل ۋە ھالدىن ئىبارەت . اللە تەئالا : « ...ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر .» ( ئالئىمران : 139 ) دېگەن . قۇل ، ئۆزى ئىگە بولغان ئىمان دەرىجىسى نىسبىتىدە ئۈستۈن بولىدۇ. اللە تەئالا ؛ « غەلبە اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ » دېگەن . بىر كىشى ، ئىمان ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىگە ئىگە بولغان مىقدارى بويىچە ئىززەت ئىگىسى بولىدۇ . ئىززەت ۋە ئۈستۈنلۈكتىن نېسىۋىسىنى ئالالمايۋاتقان بولسا ؛ ئىلىم ، ئەمەل ، زاھىرى ۋە باتىنى بولۇپ يۇتتۇرۇپ قويغان ئىمان ھەقىقەتلىرى سەۋەبىدىندۇر.

قۇلنى قوغداشمۇ قۇلنىڭ ئىمانى مىقدارىچە بولىدۇ. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « اللە مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ...» ( ھەج : 38 ) قۇلنىڭ قوغدىلىشى ئاز بولسا ، بۇ ئىمانىنىڭ ئازلىقىدىندۇر.

اللە تەئالانىڭ مۇئمىن ئۈچۈن كۇپايە بولۇشىمۇ ، ئۇ مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسىگە قارىتا بولىدۇ. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) اللە ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.» ( ئەنفال : 64 )

يەنى اللە تەئالا ساڭىمۇ ، ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگىمۇ كۇپايە . اللە تەئالانىڭ ئۇلارغا كۇپايە بولۇشى ، ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى مىقدارىچە بولىدۇ. ئىماندا قانچىلىك دەرىجىدە كەمچىلىك بولغان بولسا ، اللە تەئالانىڭ بىراۋ ئۈچۈن يېتەرلىك بولۇشىمۇ شۇ دەرىجىدە ئاز بولىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت مەزھىپىگە كۆرە ئىمان ئارتىدۇ ۋە كېمىيىدۇ .

اللە تەئالانىڭ قۇلغا بولغان مەدەتكارلىقىمۇ قۇلنىڭ ئىمانى بىلەن مۇتاناسىپتۇر . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : «... اللە مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر.» ( ئالئىمران : 68 ) ۋە يەنە « اللە مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر » دەۋاتماقتا . ( بەقەرە : 257 )

اللە تەئالانىڭ خاس بىللە بولۇشىمۇ ئىمان ئەھلى ئۈچۈن . اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ: « ...اللە ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر .» ( ئەنفال : 19 ) ئىمان ئاز ۋە ئاجىز

بولسا ، الله تەئالانىڭ قۇلغا بولغان مەدەتكارلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشىمۇ قۇلنىڭ ئىماندىن بولغان نېسۋىسىچىلىك ئاز ۋە ئاجىز بولىدۇ.

ياردەم بېرىش ۋە مۇكەممەل قوللاشمۇ پەقەت مۇكەممەل ئىمان ئىگىلىرى ئۈچۈن . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بىز پەيغەمبىرىمىزگە ، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە ، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز.» ( غافىر : 51 ) باشقا بىر ئايەتتە بولسا مۇنداق دەيدۇ : « ... مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار ـ يۆلەكتە بولدۇق ، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى .» ( سەف : 14 )

ئىمانى ئاز بولغان كىشىنىڭ ياردەم ۋە قوللاشتىن بولغان نېسۋىسىمۇ ئاز بولىدۇ . بۇ سەۋەپتىن قۇلنىڭ ئۆزىگە ياكى مېلىغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە ياكى دۈشمەنگە قارشى مەغلۇپ بولسا ، بۇ ئۇنىڭ ۋاجىپنى تەرك قىلغانلىقى ياكى ھارامنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بولغان. بۇ بولسا ئىماننىڭ كەمتۈكلىكىدىندۇر.

شۇنداق قىلىپ « ... الله كافىرلارغا مۇئمىنلەرگە قارشى ھەرگىز يول بەرمەيدۇ .» ( نىسا : 141 ) ئايىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشقان نۇرغۇن كىشىلەر تىلغا ئېلىشقان مەسىلىمۇ ئاردىن يوق بولۇۋاتىدۇكى بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرگەن ۋاقتىدا ؛ ھۆججەت ( دەلىل ) تەرىپىدىن مۇئمىنلەرگە قارشى بىر يول بەرمەيدۇ ، دېيىشىدۇ .

ھالبۇكى ئەھۋال بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغانلارنىڭ ئەينىسى. پەقەت مۇكەممەل ئىمان ئىگىلىرىگە قارشى ئۇلارغا يول بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمانى ئاجىز بولغان بولسا ، بۇ ئاجىزلىق سەۋەبلىك مۇئمىنلەرگە قارشى كافىرلارنىڭ قولىغا پۇرسەت كەلگەن بولىۋاتماقتا. اللهقا ئىتائەت قىلىشنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قارشى كافىرلارغا يول ۋە پۇرسەت بەرگەن بولۇۋاتماقتا . مۇئمىن غالىپتۇر ، ئەزىزدۇر ، دەستەكلەنگۈچىدۇر ، ياردەم قىلىنغۇچىدۇر . الله ئۇنىڭغا كۈپايە قىلىدۇ ۋە قەيەردە بولسا بولسۇن ، ھەم زاھىردا ۋە باتىنىدە ئىماننىڭ ھەققىتى(؟) ۋە لازىملىقلىرىنى بەجا كەلتۈرسە ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا قارشى تويلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى خاس الله تەئالادۇر. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار ، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار ، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.» ( ئالئىمران : 139 )

« (كافىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كافىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار، ھالبۇكى، سىلەر غالىبتۇرسىلەر، اللە سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، اللە ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ.» ( مۇھەممەد : 35 )

بۇ كۈپايە بولۇش ، ئىمان ۋە ئەمەللىرى سەۋەبى بىلەندۇركى بۇلار اللە تەئالانىڭ ئەسكەرلىرىدىن بولغان مۇئمىنلەردۇر. اللە تەئالا ئۇلارنى بۇ ئىمانلىرى بىلەن قوغدايدۇ ، ھەر قاچان بۇ قوغداشنى داۋام قىلىدۇ ۋە ھەرگىز ئۈزۈپ قويمايدۇ . كافىرلارنىڭ ۋە مۇنافىقلارنىڭ ، اللە تەئالادىن باشقىسى ئۈچۈن قىلغانلىرىنى ۋە اللە تەئالانىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش .

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ ، « ئەل جەۋابۇل كافى » ئىسىملىك كىتابىدا گۇناھلارنىڭ ئىلاھى جازاسى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ : « جازالاردىن بىرى بولسا ، كىشىنىڭ ، گۇناھنى كىچىك سانىغىنى ۋە ئاددى قارىغىنىغا ئوخشاش ، اللە تەئالانىڭمۇ ئۇنى مەخلۇقاتنىڭ قەلبىدە سۆيۈمسىز ، قەدىرسىز ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇلمايدىغان بىرى ھالىتىگە كەلتۈرۈشىدۇر . قۇل ، اللە تەئالانى ياخشى كۆرگەن مىقداردا كىشىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ . اللەتىن قورققان مىقداردا كىشىلەر ھەم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. اللە تەئالانى ۋە قىممەتلىرىنى يۈكسەلتكەن مىقداردا قۇللار ئۇنى يۈكسەلتىدۇ. اللەنىڭ قىممەتلىرىنى چەيلىگەن قۇلنىڭ قىممەتلىرىنى ئىنسانلار قانداقسىگە چەيلىمىسۇن ! اللە تەئالانى كىچىك كۆرگەن ۋە تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىغان قۇلنى ئىنسانلار قانداقسىگە كىچىك كۆرمىسۇن ۋە خورلىمىسۇن! اللەنىڭ چەكلىمىلىرىنى دەپسەندە قىلىشنى ئاددى چاغلىغان قۇل ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قانداقسىگە ئاددى ۋە خار كۆرۈلمىسۇن !

اللە تەئالا ، قۇرئاندا گۇناھلارنى بايان قىلغاندا بۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان ۋە گۇناھلىرى سەۋەبلىك ، بۇلارنى سادىر قىلغانلارنى رەسۋا قىلغان ، قەلبلىرىنى پەردىلىگەن ۋە گۇناھلىرى بىلەن مۆھۈرلىۋەتكەن ، ئۆزىنى ئۇنۇتقىنىدەك ئۇلارنىمۇ ئۇنۇتقان ، دىنىنى خارلىغىنىغا ئوخشاش ئۇلارنى خارلىغان ۋە ئۆزىنى ھېسابقا ئالمىغانلىقى ئۈچۈن اللە تەئالامۇ ئۇلارنى ھېسابقا ئالمىغان . بۇ سەۋەبلىك اللە تەئالا ، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ، ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ :

« ...اللەنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ...» ( ھەج : 18 )

اللە تەئالاغا سەجدە قىلىشنى خارلاپ كىچىك كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشنى تەرك قىلغاندا ، اللە تەئالامۇ ئۇلارنى خار قىلغاندۇر. اللە تەئالانىڭ ئۇلارنى خار قىلىشىدىن كېيىن ئەمدى ھېچكىم ئۇلارنى ھۆرمەتلىك قىلالمىغان . اللەنىڭ خار قىلغىنىنى كىم

ھۆرمەتلىك قىلىدۇ؟ ياكى ھۆرمەتلىك قىلغىنىنى كىم خار قىلىدۇ ؟ » ( ئىبنۇل قەييىم ، ئەل جەۋابۇل كافى ، 80 ـ 81)

ئىبنۇل قەييىم رەھىمەھۇللاھ باشقا بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ : « گۇناھلارنىڭ جازالىرىدىن بىرى بولسا نېئمەتلەرنى يوق قىلىشى ۋە مۇسىبەتلەرنى قۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈشىدۇر. قۇل يوقىتىپ قويغان ھەر بىر نېئمەت ، چوقۇم بىر گۇناھى سەۋەبىدىن بولغان . بېشىغا كەلگەن ھەر بىر مۇسىبەت چوقۇم بىر يامانلىق سەۋەبىدىن بولغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : « گۇناھ بولماستىن بالا كەلمەس ۋە تەۋبە بولماستىن بالا كەتمەس.» اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللە نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).» ( شۇرا : 30 )

« بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە اللە ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، اللە (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» ( ئەنفال : 53 )

اللە تەئالا ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە قۇلغا بەرگەن بىر نېئمەتنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان . اللەقا بولغان ئىتائەتنى مەئسىيەتكە ، شۈكرى قىلىشنى كۇفرىلىق قىلىشقا ، رازى بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى غەزەپلەندۈرىدىغان سەۋەبلەرگە ئۆزگەرتىۋەتسە ؛ تولۇق بىر جاۋاب سۈپىتىدە اللە تەئالامۇ قۇلغا ئاتا قىلغانلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . اللە قۇللىرىغا زۇلۇم قىلمايدۇ . قۇل ، مەئسىيەتنى ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆزگەرتسە ، اللەمۇ جازانى مۇكاپاتقا ، خارلىقنى ئىززەتكە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ .

« ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللە ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، اللە بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان اللەدىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ.» (رەئد : 11 ) ( ئىبنۇل قەييىم ، ئەل جەۋابۇل كافى ، 85 ـ 86، دارۇنەدۋەتىل جەدىدە ، ھىجرى 1400)

ئىبنۇل قەييىمنىڭ ( رەھىمەھۇللاھ ) بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى ، بىز بايان قىلغان بەش ئاساسنى ئەڭ روشەن شەكىلدە ئوتتۇرغا قويۇۋاتماقتا .

بەش ئاساسنى اللەنىڭ ئىزنى بىلەن مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندىن كېيىن : « مۇسۇلمان بولغان بىزلەر ئەجەبا قانداق ئەھۋالدىمىز؟ » دەپ سورىيالايمىز . مۇسۇلمانلار بۈگۈن بىر مىلياردتىن كۆپ . مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەر بايلىق جەھەتتىن دۇنيانىڭ ئەڭ باي دۆلەتلىرى ۋە شەرقتىن غەرپكە قەدەر سوزۇلغان . ئەڭ مۇھىم دېڭىز كېچىكلىرىگە ۋە بوغۇزلىرىغا ئىگە. ئەجەبا بۇ بىر مىليارد مۇسۇلمان نېمە ئەھۋالدا تۇرىۋاتىدۇ؟ ئەجەبا دۇنيادا ئۇلارنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزنى قانداق ؟

الله ئۇلارغا غەزەپ قىلغان ، خارلىق ۋە پەسلىك تامغىسىنى ئۇرغان ، لەنەت قىلغان ئىككى مىليوندىن ئاشمايدىغان بىر يەھۇدى توپى ئەجەبا يۈز مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا قانداق مۇسەللەت بولغان ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتلىرىدە دېمىدىم ، ئەكسىچە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ يۈرىكىدە قانداقسىگە بىر دۆلەت قۇرالىغان ؟

اللەنىڭ كىتابىدا شۇنى ئوقۇۋاتماقتىمىز : « ...شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر.» ( نىسا : 76 )

« ئۇلار سىلەرگە ئازار بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ: ئەگەر سىلەر بىلەن ئۇرۇشسا، سىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىلمەيدۇ.» ( ئالئىمران : 111 )

« ئەگەر كافىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيەدە) ئۇرۇشسا، ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى...» ( فەتھ : 22 )

ھالبۇكى بۈگۈن بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان بىر رېئاللىققا دۇچ كېلىمىز. ئەسلى كافىرلاردىن ۋە مۇرتەد ھۆكۈمرانلاردىن بولغان كافىرلار، مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يامان ئازاپنى تېتىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرىشىۋاتىدۇ ، تۈرمىلەرگە توشقۇزىۋاتىدۇ ۋە ئىسكەنجىلەر بىلەن يوق قىلىشىۋاتىدۇ . مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنى ئەسىر ئېلىۋاتىدۇ ۋە تاغۇتلارنىڭ تۈرمىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئىففىتىگە تېگىۋاتىدۇ . خەلقنىڭ رىزىقلىرىنى كېسىش ، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ، دىنىنى ئۆزگەرتىش ، نەسىللەرنى ئىسلامدىن يىراق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن فىتنىلەرنى ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنى يېيىشمۇ ئۇلار قىلغان ئەڭ مەلۇملۇق ئىشلاردىندۇر.

بۈگۈن ، كەڭرى دائىرىلىك بىر ھالەتتە ئىسلامى ئىلىملەر توغرىسىدا خىزمەتلەرنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز . ئەمما بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمايۋاتماقتا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن ھېچبىر نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتماقتا . بۇنىڭ

سەۋەبى ئىلىمنىڭ بەرىكىتىنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ ئىلىمنىڭ ۋە قىلىنغان خىزمەتلەرنىڭ نىشانى ، اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئەمەس؛ رەھبەرلىك ، مەمۇرلۇق ، پادىشاھلارنىڭ باتىللىرىنى يوشۇرۇش ۋە ھەتتا قوللاش ياكى غالجىرلىشىپ ھەر تەرەپنى پاسات بىلەن توشقۇزغان كافىرلارنىڭ ئىقتىدارلىرىنى كۆچلەندۈرۈشتۇر. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئىلىم ئەھلى ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا . بۈگۈن ئىسلامى نەشرىياتنىڭ كۆپلىكى ، ئاۋازلىق ۋە سىنلىق نەشىر ماتېرىياللىرى ، گېزىتلەر ، ژورناللار ، ھەقلىق ۋە ھەقسىز بېرىلگەن ئاكادېمىك ئۇنۋانلار ، ئىسلام نامى بىلەن تەشكىللەنگەن كونفىرىنسىيە ۋە قۇرۇلتايلار ، مۇسابىقىلار ، ئىسلامى ئېنىستىتۇتلار ، رادىئولار ، تېلېۋىزىيەلەر ۋە ھەر سەۋىيەدىن نەشىر قىلىنغانلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن بىر كۆپلۈكنىڭ ۋە كۆپ خىللىقنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قانچىلىك مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىشىمىز كېرەك .

بۇ يەردە مۇسۇلمانلار تۇرىۋاتقان ۋەزىيەت ئۈستىدە ئۇزۇن توختىيالمايمىز. بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەييارلانغان ئۇزۇن خىزمەتلەر مەۋجۇت . مەسىلەن دوكتور مۇھەممەد جەمىل ئەل مىسرىنىڭ « كىتابۇ ھادىرىل ئالەمىل ئىسلامى » ئىسىملىك كىتابىغا قاراش مۇمكىن . مەن بۇ يەردە پەقەت مەن بايان قىلغان بەش ئاساسنىڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىمىز بىلەن ئالاقىسىنى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشىنى مەقسەت قىلدىم . يەنى :

مۇسۇلمانلارنىڭ ياردەم ۋە غەلبىدىن مەھرۇم قېلىشىنىڭ سەۋەبى ، ئىلىم ۋە ئەمەل بولۇپ ئىماندىكى چوڭ كەمتۈكلۈكتىن ئىبارەت . اللە تەئالا : « ...مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى .» ( رۇم : 47 ) دېگەن . اللە بەرگەن بۇ ۋەدە نېمىشكە بىز ئۈچۈن ئەمەلىيلەشمەيدۇ؟ اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « (جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.» ( ئالئىمران : 139 ) بۇ بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ئاساسلارنىڭ ئۈچىنچىسى .

بىز ئىچىدە تۇرىۋاتقان بۇ بالا ، بۆلۈنۈش ، چېچىلىش ۋە خارلىق ، گۇناھلىرىمىز ۋە بېپەرۋالىقىمىز سەۋەبلىك بولغان . چۈنكى اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللە نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).» ( شۇرا : 30 )

« ...ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر...» ( نىسا : 79 )

بۇ يامانلىق ۋە گۇناھلاردىن بىرى ، بەلكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى ، جىھادنى تەرك قىلىشتىن ئىبارەت . جىھادنى تەرك قىلىشتىنمۇ بەك يامان بولغىنى، بۇ تەرك قىلىشقا يوپۇق توقۇش ۋە بۇ يوپۇق ئۇچۇن شەرئى دەلىللەرنى ئىگىپ ئەگرى قىلىشتۇر . بۇ تۆتىنچى ئاساستۇر .

الله تەئالانىڭ ياردەم قىلىشى ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ۋە بىز ئىچىدە تۇرىۋاتقان بۇ پەسلىك ۋە خارلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يىگانە يولى : ھاياتىمىزنى الله رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىشتۇر. چۈنكى الله تەئالا ؛ « ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى اللەنىڭ بەرگەن نىئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نىئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت- ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)...» ( رەئد : 11 ) دەۋاتماقتا . بۇ بولسا بەشىنچى ئاساستۇر .

بۇ يەرگە قەدەر سۆزلەنگەنلەرنىڭ نۇرى ئاستىدا مۇنۇلارنى دېيەلەيمىز : بۈگۈن ئىسلامنىڭ مۇستەقىللىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلامى ئېقىملار ۋە ھەرىكەتلەر ، الله بېرىدىغان ياردەم ، غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن بولۇشى زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرگەن ئەمەس . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار (كۇفرى ۋە گۇناھ ئارقىلىق) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ.» ( يۇنۇس : 44)

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# رامىزان ؛ غەلبە ۋە ئىسلاھات ئېيى

## ئەبۇ مۇھەممەد ئەل مەقدىسى

قۇللىرىغا ھايات سەپىرىدە نەسىھەت ئېلىشى ۋە تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن ئۆتەڭلەرنى بار قىلغان ، ھەسسىلەپ ساۋاب ۋە مۇكاپاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇبارەك مەۋسۇملارغا نىسىپ قىلغان ۋە بۇ مەۋسۇملارنى دۇئالارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن كۈتىلىدىغان كۈنلەر قىلغان اللە قا ھەمد بولسۇن . سالات ۋە سالام « كىم رامىزاندا ئىمان ئېيتىپ ۋە ساۋابىنى پەقەت اللە (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا)دىن كۈتۈپ روزا تۇتسا ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن مۇھەممەد(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ئائىلىسىگە ، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارغا بولسۇن .

« رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»(بەقەرە/2، 185)

ئۇلۇغ بىر مەۋسۇمنىڭ ، سېخى بىر ئاينىڭ سايىسىدە تۇرىۋاتىمىز . ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ، قۇرئان ۋە فۇرقان ، غەلبە ۋە فەتىھ ئېيى ...

رامىزان ئېيىدا تارىختا ئوخشىشى كۆرۈلمىگەن ۋەقەلەر باشتىن كەچۈرۈلگەن . مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكسىلىشى ( ئىززىتىنىڭ) باشلانغان بۈيۈك بەدىر غازىتى ... شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن رەھماننىڭ دوستلىرى ئارىسىدا ئەقىدە تەرەپتىن بولغان ئايرىلىش ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئاپئاشكارا رەۋىشتە بىر بىرىدىن ئايرىلغان كۈن ...

« ئۇ ۋاقىتتا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن اللە بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). اللە نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى

ئۇچۇن ئىدى. الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)، ئەلۋەتتە، ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»(8،ئەنفال/42)

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى ، مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كېچىسى ۋە بىر جۈمە كۈنى ... ئاتلار ۋە ئوغۇللار قوللىرىدا نەيزە ... يۈزمۇ يۈز كېلىشكەن ... ئۇ كۈن الله تەئالا ئۆز دوستلىرىنى ئۈستۈن قىلىپ ، دۈشمەنلىرىدىن يۈز ئۆرىگەن ۋە « الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن الله تىن قورقۇڭلار»(3،ئال ئىمران/123)دەپ دوستلىرىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى مەھكەملەشتۈرگەن كۈن ...

ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى ۋە يەنە بىر رامىزان ئېيى . الله تەئالانىڭ ئۆز دوستلىرىغا ياردەم بېرىپ ، دىنىنى ئۈستۈن قىلغان ئۇلۇغ فەتىخ كۈنى ... بۇ غەلبە ئارقىلىق مۇقەددەس ئۆيىنى نەجىس بۇتلاردىن ۋە مۇشرىكلاردىن پاكىزلايدۇ ۋە ئىنسانلار الله نىڭ دىنىغا توپ- توپ بولۇپ كىرىشىدۇ .

ھىجرىيە يىلى 658 ... يەنە مۇبارەك بىر رامىزان ئېيى ۋە كۈنلەردىن جۈمە... مۇسۇلمانلار غالىب قوماندان "قۇتۇز"نىڭ باشچىلىقىدا مۇڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باشلايدۇ .مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلغان ، خىلافەتنى يىقىتقان ، ئىسلام دۆلىتى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كىرىشكەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋە ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلغان مۇڭغۇللار ... ۋە الله (سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا) بۇ ئۇممەتنى ئىززىتىگە قايتا ئېرىشتۈرۈش ، شەرەپلىك ۋە ئەسلىدىكى كۈنلىرىنى خاتىرلىشى ئۈچۈن ، بۇ قەھرىمان ، جەڭگىۋار ۋە جەسۇر قوماندانىنى ئاتا قىلىدۇ . ئىككى قوشۇن "ئەين - جالۇت" دېيىلىدىغان يەردە ئۇچرىشىدۇ ... شامال چىقىدۇ ...خاتىبلار مۇنبەردە ...كىشىلەر دۇئادا ... ۋە غەلبە مۇسۇلمانلارنىڭ ... كافىرلار ھالاك بولۇپ يوق بولىدۇ . ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان اللهقا شۈكۈرلەر بولسۇن .

بۇ مىساللار ، دېڭىزنىڭ تامچىسىدەكتۇر . ئەگەر بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق تارىختىن بۇيان مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىدا قولغا كەلتۈرگەن نەچچىلىگەن غەلبىلەرنى تاپىمىز . بۇنىڭغا بەتلەر يېتىشمەي قالىدۇ .

بىز بۇ ئۇلۇغ كۈنلەرنى ، مۇبارەك رامىزان ئېيى بىزنى ھەربىر زىيارەت قىلغىنىدا ئەسلەيمىزكى ، باشتىن كەچۈرىۋاتقان بۇ كۈنلىرىمىزدە ؛ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان قۇللۇقنىڭ كۆلەڭگىسىدە ، كافىرلارنىڭ ، تاغۇتلارنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا ، شانلىق كۈنلىرىمىزگە بولغان سېغىنىشىمىز ۋە بۇ كۈنلەرگە قايتا ئېرىشىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمىز ئارتسۇن .

بۇ يىل ، بۇ مۇبارەك ئاي بىزگە ، ئامرىكىلىق ئەھلى سەلبلەر باشچىلىقىدا ئىسلامغا ، مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇجاھىدلارغا قارشى دۇنيادىكى پۈتۈن تاغۇتلار بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆتكەنكى بىر يىلنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىدۇ ... شۇنداق ! ئىسلامغا قارشى دۇنيا ئۇرۇشى ... مەيلى ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇنىڭغا قانداق ئىسىملارنى قويۇشسۇن ۋە تېرورلۇق ئۇرۇشى قىياپىتىدە سۇنسۇن ، بۇ ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىشى كېرەك بولغان بىر ھەقىقەت . بۇ يولدا قولدىن كېلىشىچە اللەنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز .

« دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)»(8،ئەنفال/60)

« ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. الله ئۇلارنى خار قىلىدۇ، الله سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ»(9،تەۋبە/14)

« ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۆجۈقتۈرۈڭلار)، سىلەرنى ئۇلار ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار ، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)»(9،تەۋبە/123)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە فىتنە يوقىلىپ دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان نۇرغۇن ئايەت ، ساناقسىز ھەدىس شەرىفلەر مەۋجۇت . ھەتتا الله نىڭ كىتابىدا ئىسمى قىتال( ئۇرۇش) بولغان ئايرىم بىر سۈرە بار . الله تەئالا بۇ سۈرىدە مۇنداق دەيدۇ :

«مۆمىنلەر (جىھادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): «نېمىشقا (جىھاد ئەمرى قىلىنغان بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟» دەيدۇ، جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئاپىلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، (ئى مۇھەممەد!)

(ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى»(47، مۇھەممەد/20)

بۈيەرز دىننىڭ قەتئىي پەرىزلىرىدىن بىرى . ھەرقانداق بىرسىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدا بار بولغان بۇ پەرزنى ىكار قىلىشى ياكى ئارىدىن قالدۇرۇشى ( كۆچكە ئىگە ئەمەس دەپ سانىشى ) مۇمكىن ئەمەس . بۇنىڭغا مۇشۇنداق رەۋىشتە ئىمان ئېيتىپ تەسلىم بولمىغان كىشى بويىندىكى ئىسلام ئارغامچىسىنى يېشۇەتتى دېگەنلىك . ئەگەر خالىسا يەھۇدى ، خىرىستىيان ، مۇرتەد ياكى باشقا ھەر قانداق بىر دىندىن بولالايدۇ !

بۈگۈن ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ تېرورىزم دەپ ئاتاشقان بۇ ۋەزىيەتنى مۇسۇلمانلار ئەگەر توغرا ئاڭقىرىدىغان بولسا ، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەسلىدە ئىسلامغا ، ئۇنىڭ بۈيرۇقلىرىغا ۋە ھۆكۈملىرىگە قارىتىلغان بىر ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىدۇ . بۇ ئۇرۇشنى تېرورىستلارغا قارىتىلغان بىر ئۇرۇش دەپ ئاتىغانلار بولسا كەسكىنلىك بىلەن مۇجاھىد مۇسۇلمانلار ئەمەس . ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇخلاتماقچى ۋە قۇرۇق گەپلەر بىلەن مەشغۇل قىلماقچى . ئىشنىڭ ئەسلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ۋەزىيەتكە ئېتىبارسىز قارىشى ، الله نىڭ دىنىدىن ئايرىلىشى ۋە پەرزلەرگە كۆڭۈلسىمەسلىكىدۇر . مۇسۇلمان غەپلەتتىن ئويغانغان ، دىنغا قايتقان ، ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەتلەرنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ خىزمەتكە ئاتلانغان چاغدا ... مانا مۇشۇنداق مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ نەزىرىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ۋە دەرھال يوق قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇسۇلمانلاردۇر . كۈنىمىزدە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى تاغۇت ئىتتىپاقداشلىرى بولغان كافىر كۈچلەر بىلەن ، ئىسلامغا باغلانغان ، قۇرئانغا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇرۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى مانا بۇ .

شۇنداق بۇ كۈنلەر ، ئادەمىزات ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان ئاخىرقى كۈنلەردۇر . ئىنشائاللاھ بۇ كۈنلەردە الله تەئالا مۇسۇلمانلارغا يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچىدۇ ۋە ئۇلارنى پۇت ـ قوللىرى باغلانغان ۋەزىيەتتىن قۇتقۇلدۇرىدۇ .

بۇ زاماندا بىر مۇسۇلماننىڭ دىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىقى ۋە دىنىگە ياردەم بېرىش ئىشىدا سەلبى مەۋقەدە تۇرۇۋېلىشى ھەرگىز جائىز ئەمەس .

« نېمىشقا سىلەر الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلمايسىلەر، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى الله قا خاستۇر، سىلەردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن

نەپىقە قىلىنغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەر بىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»(57،ھەدىد/10)

پۈتۈن مۇسۇلمانلار دىنغا ياردەم بەرگەنلەر سىپىدىن ئۆز ئورنىنى ئېلىشى ، ئۇلارغا قوشۇلۇشى ، پائالىيەتلىرىنى ۋە كۆتكەنلىرىنى دىنىنىڭ ئۆزىگە قاراتقان پەرزلىرىگە كۆرە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ، دىنى ئۈچۈن جىنى بىلەن مېلى بىلەن تىرىششى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ دىنى ـ قوبۇل قىلسۇن ياكى قوبۇل قىلمىسۇن ـ دۈشمەنلەر ئۈچۈن نىشان تاختىسى بولغان ۋەزىيەتتىدۇر .

"بۇ شۇنداق بىر ئۇرۇشكى ، ئەلەملىرىنى تارتىشىپ بەرمىگەن ،
كېيىنچە پۇشايمان قىلدىغاندۇر ."

مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىنى، بۇ ئاي ئىچىدە ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ساختا بولمىغان ھەقىقىي غەلىبىلەرگە ، ئىززەتكە قايتا ئېرىشىش يۈزلىنىشىدە تىرىشىش ئۈچۈن، قىلىنىدىغان ئىشلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈش، سەپلەرنى رەتلەش، پىلان قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارنىڭ جەدۋېلىنى تۈزۈش ئۈچۈن بىر پۇرسەت دەپ بىلىشى كېرەك.

بۇ مۇبارەك ئاي، بىزدىن ئىلگىرىكى سالىھلارنىڭ نەزىرىدە فەتىخ، جىھاد ۋە ئىشلەش ئېيى بولغىنىدەك بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھەر قانداق بىرەر زىيارەتچىدەك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ ئاي ئىتائەت ۋە ياخشىلىق ئېيى. ئاللاھ ئۇنى باشقا ئايلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن قىلغان. ئۇنىڭدا تۇتۇلغان روزا ۋە نامازنى گۇناھلارنىڭ ۋە خاتالىقلارنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى ۋە جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر سەۋەب قىلغان. قۇللار بۇ ئايدا ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى كۆپەيتىدۇ ۋە تەقۋادار بولۇشىدۇ. ئاللاھۇ تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغانىدەك، سىلەرگىمۇ (رامىزانروزىسى) پەرز قىلىندى» ( بەقەرە: 183 )

بۇ ئايدىكى ئۇلۇغ ھېكمەت ئاللاھۇ تەئالانىڭ بۇيرىغىنىدەك ساقلىنىش ۋە تەقۋادارلىققا ئېرىششتۇر.

«(گۇناھلاردىن ) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ».

ئۈممەتكى ، ئاللاھتىن قورققايسىلەر ۋە ھوقۇقىنى بەجا كەلتۈرگەيسىلەر، ئۇنى شېرىكتىن تەنزىھ قىلغايسىلەر ۋە تەۋھىدنى ئەمەلىيلەشتۈرگەيسىلەر، بۇ يولدا راستتىن جىھاد قىلغايسىلەر.

ئۈمىدكى، ئالللاھتىن قورققايسىلەر، ئۇنىڭ غەزىپىدىن قاچقايسىلەر،ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەك ئىتائەت قىلغايسىلەر، ئەيىبلىرىڭلارنى تەقۋالىق لىباسى بىلەن ياپقايسىلەر. تەقۋالىق لىباسى...ئەڭ خەيرلىكى مانا بۇ...

« گەر كىشى تەقۋالىق لىباسى كىيمىگەن بولسا،

كىيىنگەن بولسىمۇ ھەم يالىڭاچتۇر.

كىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى رەببىگە ئىتائەتتۇر.

ئالللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ ئىتائەت قىلغاندا ياخشىلىق يوقتۇر.»

ئۆمەر، ئۇبەي بىن كەئبتىن « تەقۋالىق دېگەن نېمە ؟ » دەپ سورىدى. ئۇبەي: « ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن تىكەنلىك يولدا مېڭىپ باققانمىدىڭ؟» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر « شۇنداق » دېگەندە ئۇبەي « تىكەنلىك يولدا مېڭىۋېتىپ قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر « كىيىمىنى يىغدىم ۋە تىكەنلەرنىڭ ماڭا سانجىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تىرىشتىم»دېدى. بۇنىڭ قارىتا ئۇبەي « مانا تەقۋالىق دېگەن مۇشۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

تەقۋالىق؛ مۇسۇلمانىنىڭ فىتنىلەرگە،گۇناھلارغا ۋە خاتالىقلارغا قارشى دىققەت قىلىشى، ئالللاھنىڭ ئەمىرلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلالماي قېلىشتىن ياكى كەمچىللىك سادىر قىلىپ قويۇشتىن قېچىشى ۋە يول ئۈستىدىكى شۈبھە،فىتنە،شەھۋەت، بۈيۈك گۇناھلاردەك تىكەنلەردىن ساقلىنىشقا تىرىششىدۇر.

ھەزرىتى ئەلى ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) تەقۋالىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق دەيدۇ : « تەقۋالىق ئالللاھتىن قورقۇش، تەۋرۇز بىلەن ئىبادەت قىلىش، ئازغا قانائەت قىلىش ۋە ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىشتۇر.»

سەلەفتىن بەزىلىرىمۇ تەقۋالىق ھەققىدە بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەرنى ئېيتىشقان. ھەممىسى ئوخشاش تەرز ئۈستىدە گەپ قىلىشقان، ئوخشاش ..تەڭدىشى يوق تاتلىق مەنبەدىن تۇغۇلۇپ ئەسلىدىكى جايغا تۆكۈلگەن.

پۈتۈن مۇسۇلمانلار، بۇ مۇبارەك ئايدا ئىمانلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. چۈنكى ئىمان، كافىرلارنىڭ تواقلىرىغا قارشى مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىشى مۇمكىن بولغان تۈنجى قۇرالىدۇر. مۇسۇلمان كىشى بۇ ئايدا تەقۋالىققا ئورۇنىشى، ناماز، روزا ۋە زىكىر بىلەن بولۇشچە سەمرىشى، ھاياتىغا ۋە پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر تەۋبە ئارقىلىق دىنىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بولۇش ئارزۇسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشى كېرەك.

بۇ مۇبارەك ئاي، ئىلىم ئەھلى ۋە ئۆلىما ئۈچۈن دىنىغا قارىتا مەجبۇرىيەتلىرىنى قانداق كەمچىل ئادا قىلغانلىقىنى كۆرۈشى، دىنىنى،رەھبەرلەرنىڭ بۇيرۇقىغا تەييار قىلىشتىن ۋاز كېچىش، ئۇنى تاغۇتلارنىڭ پايدىسىغا بولىدىغان رەۋىشتە ئىزاھلاشتىن يىراق بولۇشى ئۈچۈن بىر پۇرسەتتۇر. رەھبەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ۋاز كېچىشى، ئۆزى تۇرىۋاتقان مەقامدا مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تەۋبە قىلىشى كېرەك. مۇسۇلمانلارنىمۇ ئالدىنىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) رەسۇلۇللاھتىن ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: « كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك قىلمايدىكەن،ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي ، تۇتقان روزىسىغا ئاللاھۇ تەئالا مۇھتاج ئەمەس.»

بۇ ئاي دەۋەتچىلەر ئۈچۈن كەمچىلىكلىرىنى ، دەۋەتلىرىنى ۋە تەقۋالىقلىرىنى تەكشۈرۈشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت. بۇ ئايدا دەۋەتىدىكى شۈبھىلەرنى پاكىزلىشى، بوھتان، گەپ تېرىش قاتارلىق جىھادقا ۋە مۇجاھىدلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان نەرسىلەرنى دەۋەتىدىن ئايرىۋېتىشى كېرەك.

« كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك قىلمايدىكەن،ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي ، تۇتقان روزىسىغا ئاللاھۇ تەئالا مۇھتاج ئەمەس.»

بۇ ئاي باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان بايلار ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن بىر پۇرسەتتۇر. چۈنكى مال بىلەن قىلىنىدىغان جىھاد، جان بىلەن قىلىنىدىغان جىھادنىڭ قېرىندىشى. روزىدا تارتقان ئاچلىق ئارقىلىق، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى، پېقىرلارنى، مىسكىنلەرنى ۋە ئېزىلگەنلەرنى ئېسىگە ئالىدۇ.

ئەرلەر...ئاياللار...مەھكۇملار...ئەسىرلەر...ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغانلار..ئەلۋەتتىكى ئەگەر ھەقىقەتەن مۇئمىنلەردىن بولۇشسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتنى ھىس قىلىدۇ، قايغۇلىرى بىلەن قايغۇداش بولىدۇ، ئەندىشىلىرىنى تەڭ تارتىشىدۇ. مۇسۇلمانلارنى مۇھىم بىلمىگەن، ئۇلاردىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار بىر بىرىگە بولغان سۆيگۈ، مۇھەببەت ۋە مەرھەمەتتە يالغۇز بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەزالاردىن ھەر قانداق بىرى بىرەر قىيىنچىلىق، ئەلەم ھىس قىلغىنىدا باشقا ھەممە ئەزالار ئۇنىڭ بۇ ئەلىمىنى تەڭ تارتىشىدۇ. بۇ مۇھتاجلارنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن بولىدۇ. ئۇلارغا دۇئا قىلىش، ئائىلىلىرىگە ئىگە بولۇش، پەرزەنتلىرىگە مەرھەمەت قىلىش، شەپقەت كۆرسىتىش،ئاللاھنىڭ بەرگەن

نېئمەتلىرىدىن ئۇلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ئوخشىمىسىزلىقلىرىنى ۋە دەرتلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) مۇنداق دېگەن : « رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم )نىڭ قولى بەك كەڭ ئىدى. بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ھەر كېچىسى رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدىن تەلىم بېرەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغلاردا رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) خەيرىلىك ئىشلاردا يامغۇرلۇق بۇلۇتنى ئېلىپ كەلگەن شامالدىنمۇ تېز ۋە ئومۇمىي ئىدى.»

بۇ پۇرسەت سايىسىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى قۇرئانغا بىنائەن تەكشۈرۈشى كېرەك. چۈنكى رامىزان، قۇرئان ئېيىدۇر.

«رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر.»

بۇنىڭ مۇقابىلىسىدە ئاللاھۇ تەئالا كىتابىنى تەرك قىلغانلارنى بولسا مۇنداق ئەيىبلەيدۇ :

«پەيغەمبەر ئېيتتى: "ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى".»

قۇرئانغا يۈزلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولسا، ئومۇمىي ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا، سىياسەتلىرىدە ، مۇناسىۋەتلىرىدە، ھۆكۈملىرىدە ئۇنى تەدبىقلاش، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ۋە قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر.

بۇ مۇبارەك ئاينىڭ بەرگەن پۇرسىتى ئەينى ۋاقىتتا زېمىندا راھەت - پاراغەت ۋە كەڭچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلار ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈش ۋەسىلىسىدۇر. ئۆزلىرىنى جىھادقا ، دىن يولىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە ھازىرلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھۇ تەئالا بۇ ئاينى مۇسۇلمانغا ئىرادە ۋە سەبىرنى ئۆگىنىدىغان بىر مەكتەپ قىلىپ بەرگەن. مۇسۇلمان بۇ ئايدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى، نېئمەتلەرنى تەرك قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى نېئمەتكە نېئمەت بىلەن ئېرىشىلمەيدۇ. راھەتنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئاۋۋال راھەتنى تەرك قىلىشى لازىم. ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش؛ جىددىيەت، غەيرەت ۋە سەبىر ئىشىدۇر.

ئاخىردا رامىزان ئېيى، ساۋابىنى ئاللاھتىن كۆزلەپ تۇتۇلغان روزا، سەمىمىي يۈزلىنىش ۋە تەۋبە بىلەن شۈبھىسىز تولۇق بولغان بىر دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش مەۋسۇمىدۇر. ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا )روزا ئايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

« مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەنئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنىقوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).» ( بەقەرە: 186 )

ئۆزۈڭلار ۋە ئائىلەڭلار ئۈچۈن قىلغان دۇئايىڭلاردا دەۋەتچى قېرىنداشلىرىڭلار ۋە مۇجاھىدلار ئۈچۈن بىخىللىق قىلماڭلار. بۇ مۇبارەك ئۇلۇغ مەۋسۇمدا زېمىن دۇئادۇر، ئاسمان دۇئادۇر...مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى، كافىرلارنىڭ ھالاك بولۇشى، مۇشرىكلارنىڭ خار بولۇشى، ئېزىلگەنلەرنىڭ قۇتۇلۇشى، ئەسىرلەرنىڭ ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن داۋاملىق دۇئا قىلىڭلار. بۇ قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ئەڭ كىچىك ھەققى. مۇسۇلمان ، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى. بىر بىرىدىن نە ئاجىرسۇن نە ئايرىلسۇن. ئەگەر قورال ۋە كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشتىن ئاجىز بولساڭلار، دۇئا بىلەن دىنىڭلارغا ۋە قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلاركى دۇئا ئەڭ ئۇلۇغ قورالدۇر.

ئاللاھىم ! بۇ ئۈممەتكە، سېنىڭ دوستلىرىڭنىڭ ئىززەتكە ئېرىششىنى، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ خار بولغىنىنى، سېنىڭ كىتابىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدىغان توپتوغرا يولدا بولۇشنى نىسىپ قىلغىن.

سالات ۋە سالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) گە ، ئائىلىسىگە ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن.

هجريه 1423

شەئبان ئېيىنىڭ تۈگىشىگە

ئۈچ ياكى تۆت كۈن قالغاندا

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا
# ئىسلام ياشلىرىغا جىددى چاقىرىق

سۇلايمان ئەبۇ غەيس

ھەمد ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاستۇر. ئۇ رەھمان ۋە رەھىمدۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. مۈلكنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، خالىغان ئادەمدىن تارتىپ ئالىدۇ. خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىدۇ خالىغان ئادەمنى خار قىلىدۇ. ھەممە ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدا ۋە ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. دۇرۇد ۋە سالام رەسۇللارنىڭ خوجىسى، مۇتتەقىيلەرنىڭ ئىمامى، يېگانە قۇماندان، مەرھەمەت ۋە جەڭ پەيغەمبىرى، قىيامەت سائىتىگە ئاز ۋاقىت قالغاندا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلگەن ۋە مۇنداق دېگەن رەسۇلۇللاھ (ئەلەيھىسسالام) غا بولسۇن .

« ئىئىنە[1]بىلەن سودا قىلغان ، ئۆكۈزلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن ۋە جىھادنى تەرك قىلغان چېغىڭلاردا الله سىلەرگە بىر خارلىقنى بېرىدۇ ۋە قايتىدىن دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە ئۇنى سىلەردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.»[2]

ئەي ياشلار !

تۆت سۈپەت باركى ، سىلەر بولماستىن بار بولالمايدۇ، سىلەرسىز ھەرىكەتكە كېلەلمەيدۇ ۋە تىرىشچانلىقىڭلار بولماستىن مېۋە بېرەلمەيدۇ. بۇ سۈپەتلەر ئىمان، ئىخلاس، جاسارەت ۋە ئەمەلدۇر.

« بىر ئادەم شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن ئالدىراپ كېلىپ: ‹ئى مۇسا! شۈبھىسىزكى، كاتتىلار سېنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ (شەھەردىن دەرھال) چىقىپ كەتكىن، مەنئەلۇەتتە ساڭا سادىق كىشىلەردىنمەن› دېدى.» ( قەسەس : 20 )

ئىمان بۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى تولدۇرغان، ئىخلاس قەلبىنى پاكلىغان، جاسارەت ( غەيرەت) تىرىشچانلىقىنى يۈكسەلتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ جەۋھىرى تويتۇغرا بىر نەسىھەت قىلغۇچى بولۇش ئىدى. مانا ، بۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى سىلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىڭلار. تىرىشچانلىقى سىلەرگىمۇ پەرز. قىلغان ئىشى ئۈممەت بېسىپ ئۆتكەن

---

1.ئىئىنە : ئۆسۈم بىلەن قىلىنىدىغان سودىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئالاھىدىلىكى : بىر كىشى ، ۋاقىت تەيىن قىلىنغان بىر بەدەل بىلەن ( نىسى ) بىر نەرسىنى بىراۋغا سېتىشى ، ئاندىن كېيىن ئاشۇ مالنى ، ساتقان كىشىدىن ئالدىن تېخىمۇ ئەرزان بىر ھەق بىلەن سېتىۋېلىشىدۇر. بۇ شەكىلدە ، ئاۋۋالقى بەدەل ئارقىلىق نىسى بەدەلنى ئايرىپ جازانىلىك بىر پايدىغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

2. ئەبۇ داۋۇد ھەسەن بىر ئىسناد بىلەن ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان.

بۇ مۇھىم باسقۇچتا سىلەرنىڭ ئۈستىڭلارغا ئېلىشىڭلار كېرەك بولغان رولدۇر.بۇ سەۋەبتىن ئۇممەتنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققى ھەسسە ھەسسىلەپ ئاشقان. سىلەرنىڭ يەلكەڭلاردا تۇرىۋاتقان ئۇممەتنىڭ ئامانىتى ھەر قاچاندىكىدىن تېخىمۇ كۆپ بەس.

ئەي ياشلار!

بۇ ئەكس سادالىق تىۋۋلاشلار... پۈتمەس تۈگىمەس ۋەقەلەر... كېينى - كەينىدىن كەلگەن پالاكەتلەر... بۇ ھەممىنىڭ سەۋەبى بىز تۇرىۋاتقان قاراڭغۇ كېچىلەر ۋە ئۇممىتىمىزنى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن ئۆلتۈرگۈچى يارىلاردۇر. ئەگەر الله يولىدىكى جىھادنى تەرك قىلمىغان بولساق ئىدۇق بۇنىڭ ھېچبىرى بېشىمىزغا كەلمەس ئىدى. قەلبلىرىمىز دۇنيا سۆيگۈسىگە چۆكتى، ئۆلۈمدىن يىرگەندۇق...خوش ئاقىۋىتىمىز قانداق بولدى؟

قەلبىمىزنى قاپلىغان بىر قورقۇنچ، بېشىمىزنى ئەگدۈرگەن بىر خارلىق، بۇرنىمىزنى سۈرتكەن بىر قەدىرسىزلىك، غۇرۇرىمىزنى سۇندۇرغان بىر بۇزغۇنچىلىق...ۋە ( بىلىڭلاركى) زەئىپلىكنىڭ ھەممە ھالىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ۋەزىيەت پەقەت ئىخلاسمەن تىرىشچانلىقىڭلار بىلەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئۆزۈڭلارنى ئاتىشىڭلار ، جىھاد قىلىشىڭلار ۋە بوران - چاپقۇنغا، سەلگە قارشى الله تەئالانىڭ بۇ سۆزىنى جاكارلاپ تۇرۇشۇڭلار بىلەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن پەقەت...

«...(تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) اللەغا مۇلاقات بولۇشقا ئىتىقاد قىلىدىغانلار: «اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىدۇ» دېدى. الله چىدامىلىقكۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر.» ( بەقەرە : 249 )

ئۇممەتنىڭ ھالىغا ، خەلقىڭلارغا ، جەمئىيىتىڭلارغا بىر قاراپ بېقىڭلار...

مەسخىرە ئوبيكتى بولۇشىمىزدىن باشقا يەرەر نەرسە كۆرەلەمسىلەر؟

پەرۋەردىگارىمىزنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا شەرىئەتلەرگە مەھكۇم. شەھۋەت كەينىدىن يۈگۈرگەن بويتۇق، زېمىنلىرىمىز چەيلىنىپتۇ، نۇمۇسىمىزغا تېگىلىپتۇ، ماللىرىمىز تارتىۋېلىنىپتۇ، دۆلەتلىرىمىزدە دىنىمىزنىڭ شەرىئىتى ئۆتمەس بوپتۇ.

ئاچچىق ئەلەمدىن قۇتۇلغان يالغۇز بىرەر كىشىنى كۆرەلەمسىلەر؟ مۇستەملىكىنىڭ ھىيلىلىرىدىن، پۈتۈن ئەزالىرىمىزغىچە قىلغان خىيانەتنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقىدىن باشقا بىزگە نېمە قالدى؟ ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرگەن كارامىتىمىز قايسى كارامەت؟ ئۆزىمىزنى گوللاپ يۈرگەن شەرىپىمىز قايسى شەرەپ؟ دۈشمەنلىرىمىزدىن تەلەپ قىلغان تىنچلىقىمىز قايسى تىنچلىق؟ قايسى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمىز؟ ھەم ئاندىن

كىيىن نېمە سەۋەبتىن قورقىمىز؟ نېمە ئۈچۈن قورقىمىز؟ كىمدىن قورقۇۋاتىمىز ۋە قاچانغىچە قورقىمىز؟ سوپۇلغاندىن كېيىن قوزىغا قاسساپنىڭ نېمە زەرەرى يېتە؟

« ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۇئمىنبولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار.» ( ئالئىمران : 175 )

ئەي ياشلار !

بوسۇغىمىزدىكى بۇ ۋەيران قىلغۇچى جەڭ پەقەت جىنىمىزنى ئېلىپ بەدەنلىرىمىزنى پارچىلاپلا قالمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭ يەنە بىر مەقستى زېمىننى بالالارغا گىرىپتار قىلىشتۇر. زېمىنلىرىمىزنى چەيلەش، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاش، ئىسلام دۇنياسىنى يەھۇدى ۋە ئەھلى سەلىبلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشتۇر.

بۇ جەڭ ئويلىنىشىمىزغا پۇرسەت بەرمىگۈدەك دەرىجىدە سىلەرگە يېقىن. تاللاش ھەققىمىز يوق. نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى قارار قىلغۇچىلىك ياكى بىزدىن تەلەپ قىلىنغاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشلىرىمىز بىلەن مەسلەھەتلىشىدىغانچىلىك بىرەر مۆھلەت بەرمەيدۇ بىزگە...

ئەي ياشلار !

بۈگۈن قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان يىگانە بىر ئىش بار. ئىككىنچى بىر چىقىش يولى ، ئىككىنچى بىر تاللاش يوق. ئۇ بولماستىن قۇتۇلۇش يوق . ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇشتۇر.

« (ئى مۇھەممەد!) اللەنىڭيولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلاجاۋاپكارسەن، مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، اللەنىڭ كافىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇھەققەتتۇر. اللەنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، اللەنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر.» ( نىسا : 84 )

بىر يۈزمۇ - يۈز تۇرغان بۇ دۈشمەن ، يەھۇدى ۋە ئەھلى سەلىبلەر ھەمكارلىق ئورنىتىشقان بىر دۈشمەندۇر. ھېچكىم ئۇلارنىڭ كۇفرى توغرىسىدا زەررىچىلىك بىرەر شەك ئېچىدە ئەمەس. ۋە بىزلەرگە ؛ مۇسۇلمانلارغا قانچىلىك دەرىجىدە دۈشمەن ئىكەنلىكى ، بىزنىڭ يىلتىزىمىزنى قۇرۇتۇشقا قانچىلىك دەرىجىدە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ئاشكارىدۇر .نىشانى ۋە مەقستى ئوپئوچۇق ئارىدا. نىيىتى چۈشىنىشلىكتۇر . نىيەتلىرىنى بايان قىلىشتىن تارتىنىپ قېلىشمايۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن خۇشال بولۇشۇۋاتىدۇ. مەقستىگە يېتىش يولىدا ئالدىغا چىققان ھەركىمگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشۋاتىدۇ.

مانا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ۋە الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدۇر. كىمكى ئۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش بىر ئېغىز سۆز بىلەن بولسىمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلسا ۋە ئارقا تېرەك بولسا ئىسلام ئۈممىتىگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە كۇفرىغا چۈشكەن بولىدۇ. .

دۇئالىرىمىزنىڭ ئاخىرى ؛ جىمى ھەمدلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ئىمان ئەھلىنىڭ قىسىملىرى

ئۆمەر مەھمۇد ئەبۇ ئۆمەر ( ئەبۇ قەتادە ئەل فەلەستىنى)

ئىمان ئەھلى ئىككى قىسىمدۇر:

شەھىد بولۇپ پەرۋەردىگارىغا ئۇچراشقانلار ۋە پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ غەلىبىنى ياكى شەھىدلىكنى كۈتىۋاتقانلار. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى پەرۋەردىگارىغا ساداقەت كۆرسەتتى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ، پەرۋەردىگارى دەرگاھىدا ھېچقانداق مەخلۇقاتنىڭ يېنىدا بولمىغان مۇكاپاتلىرى بار. ئۇرۇش، ئىمان بىلەن كۇفرى ئارىسىدا كېلىپ كېتىپ يۈرگەن مۇنافىقلارنىمۇ ئاشكارا قىلىدۇ. بۇلار يا كۇفرى ئۈستىدە قېلىپ شۇ ھالەت ئۈستىدە ئۆلىدۇكى بۇ ئەھۋالدا ئۇلار ئۇچۇن ئازاپ باردۇر. ياكى اللەنىڭ؛ پەيغەمبىرىگە قىلغان ياردىمى، ئۇنىڭ شامال بىلەن ياردەم قىلىشىغا ئوخشاش ئاپئاشكارا مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ قەلبىگە نۇر كېلىدۇكى بۇ ئەھۋالدا اللە تەئالا ئۇلارنى مەغفىرەت قىلىپ ئىسلام ۋە ئىمان كارۋىنىغا ، ھىدايەت ۋە نۇر جامائىتىگە قوشىدۇ.

« اللە كافىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى...» اللە، ئۇلارغا بوران بىلەن ئازاپ بەردى. بوران، اللە تەئالانىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىدۇر. ئىمام مۇسلىم، سەھىھىدە جابىردىن ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) رىۋايەت قىلىشىچە رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بىر سەپەردىن قايتىۋاتاتتى. مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا ئاتلىق جەڭچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويغىدەك شىددەتلىك بىر شامال چىقتى. بۇنىڭغا قارىتا رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دېدى : « بۇ شامال بىر مۇنافىقنىڭ ئۆلمى ئۇچۇن ئەۋەتىلگەن.» ھەقىقەتەنمۇ مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن چوڭ بىر مۇنافىقنىڭ ئۆلگەنلىكى كۆرۈلدى. « اللە (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، اللە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.» ئەھزاپ جېڭىدە قىلىچ ئىشلىتىلمىگەن ، ئوق ئېتىلمىغان. بۇ جەڭدە دۈشمەننى اللە تەئالا ئەۋەتكەن تاك شامىلى مەغلۇپ قىلغان.

اللە تەئالانىڭ لۇتفى ۋە ئېھسانىدىن بىرى بولسا ، قۇرەيزە ئوغۇللىرىنى جازالىشى، زېمىنىنىڭ ۋە ماللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا غەنىمەت بولۇپ ئۆتىشىدۇر. بۇخارى ئائىشەدىن ( رەزىيەللاھۇ ئەنھا ) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : « رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) خەندەك ( ئۇرۇشى)دىن قايتىشىدا قۇرالىنى قويۇپ غۇسلى قىلىۋاتقىنىدا جەبرائىل ( ئەلەيھىسسالام ) كېلىپ ئۇنىڭغا : « سەن قۇرالىڭنى قويۇپ قويدۇڭ ! اللەقا قەسەمكى بىز تېخى قويمىدۇق، ئۇلارغا ( ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن ) قاراپ يولغا چىق !» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) « قەيەرگە ؟» دېگەندە جەبرائىل ( ئەلەيھىسسالام ) «ئاۋۇ ياققا» دېدى ۋە قۇرەيزە ئوغۇللىرىنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم )ئۇلارغا قاراپ ئاتلىنىش ئۈچۈن چىقتى.»

بۇخارىنىڭ قىلغىنىدىن باشقا بىر رىۋايەتتە بولسا مۇنداق كېلىدۇ : « جەبرائىل ئەلەيھىسسالام : « ئەي الله نىڭ ئەلچىسى! قۇرەيزە ئوغۇللىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تۇر » دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) « ساھابىلىرىم بەك ھارغىن » دېگەندە ، جەبرائىل : « تۇرغىن ، مەن ئۇلار ئۈچۈن كېلىمەن » دەپ يېنىدىكى پەرىشتىلەر بىلەن بىرلىكتە رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم )دىن ئايرىلدى. راۋى ئېيتىدۇ : پەرىشتە جەڭچىلەر ، ئەنسارىلاردىن غانەم ئوغۇللىرىنىڭ كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا چاڭلار كۆتۈرۈلۋاتاتتى.»

نىھايەت الله تەئالا مۇسۇلمانلارغا قۇرەيزە ئوغۇللىرىغا قارشى ياردەم قىلدى. چۈنكى ئۇلاردىن ئەقىل ـ بالىغ بولۇپ ئۆلتۈرۈلمىگەن ھېچبىر ئەركىشى قالمىدى. ئاياللار ئەسىر ئېلىندى، ماللىرى بولسا غەنىمەت قىلىندى. الله تەئالا بۇنى مۇنداق بايان قىلىۋاتماقتا : « الله سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورۇ ـ جايلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنىۋە (تېخى سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى، الله ھەر نەرسىگەقادىردۇر.» ( ئەھزاپ : 27 ) ئىلىم ئەھلى ، الله تەئالانىڭ « ۋە (تېخى سىلەرنىڭ قەدىمىڭلاردەسسەپ باقمىغان زېمىننى» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلىغان : « بۇ، رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ ۋە ساھابىنىڭ ، قۇرەيزە ئوغۇللىرىنىڭ زېمىنلىرىدىن باشقا زېمىنلارنىمۇ فەتىھ قىلىدىغانلىقىغا ئائىت بىر خۇش بىشارەتتۇر.بەزى ئالىملارغا كۆرە بۇ خەيبەر ، بەزىلىرىگە كۆرە مەككە ، يەنە بەزىلىرىگە كۆرە ئىران ۋە بىزانس زېمىنىدۇر. ئىكرىمەگە كۆرە بۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلغىنى ، قىيامەتكە قەدەر فەتىھ قىلىنىدىغان بارلىق زېمىنلاردۇر.»

مۇسۇلمانلار جىھاد سايىسىدە زېمىننىڭ خەزىنىلىرىگە ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىس بولدى؛ مەدەنلىرىدىن قېزىپ توپلاۋېتىپ ئىگىلىرىنى چارچىتىۋەتكەن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتلىرىنى ۋە ئۆمۈرلىرىنى زايە قىلىشقان خەزىنىلەرگە ؛ يەر يۈزىنىڭ جەننىتى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكەن يەرلەرگە ، بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن باغچىلارغا ، ئېگىز ياغاچلارغا ۋە مەھسۇلاتى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرغان تۇپراقلارغا ئىگە بولدى. ئەمدىلىكتە بولسا جىھادنى تەرك قىلىپ ، دۇنياغا بېرىلگەنلىكىمىز سەۋەبىدىن بېشىمىزغا كەلگەنلەر شۇنچىلىك ئەلەملىك..! ۋاقىت ئۆتكەنچە كافىرلاردىن ئالغان جىزيەلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك ، كافىرلار زېمىنلىرىمىزغا ۋە يۇرتلىرىمىزغا ۋارىس بولۇشتى.

فەلەستىندە دۇنيا جەننەتلىرىنى خاتىرلىتىدىغان يەرلەرنى ، پورتىكال ۋە لىمون باغچىلىرىنى ، مايمۇن ۋە توخگۈزنىڭ قىرىنداشلىرى بولغان يەھۇدىلار، ئىگىلىرىدىن ئاسانلا ئېلىپ ئۆلارغا ۋارس بولۇشتى.ياغ ۋە ھەسەل دۆلتى بولغان يۇرتىمىزنىڭ بالىلىرى بىر چىشلەم نان تېپىش ئۈچۈن ياۋرۇپادا پەس كۆرۈش ۋە خورلۇق ئىچىدە توختىماستىن ئىشلەۋاتقىنىدا : كۇفۇر ئەھلى قىممەتلىك زېمىنىمىزنىڭ مەدەن ، نىفت ۋە ئالتۇنلىرىنىڭ سايىسىدە باياشاتچىلىق ۋە ئۇخايلىق ئىچىدە ياشاۋاتماقتا. يەنە ئۇلار بۇنىڭ سايىسىدە قۇلىقىغىچە مولچىلىقتا كۆمۈلگەن بولسا ، يۇرتلىرىمىزدىكى يوقسۇللۇق ، بىر چىشلەم نان ئۈچۈن ئىففىتىنى ۋە ئىززىتىنى ساتقان ئائىلىلەرنى توختىماي ئېزىۋاتماقتا.

ئاللاھىم!جىھادنى تەرك قىلىپ دۇنياغا بېرىلگەنلەرنىڭ ئۇچرايدىغان ئازابى نېمىدىگەن شىددەتلىك !

ئەي مۇسۇلمانلار! ئۇتىنىڭ بەدىلى يوقتۇر، قۇرالنىڭ بەدىلى يوقتۇر ، قاننىڭ بەدىلى يوقتۇر...

ئەي مۇسۇلمانلار! جىھاد ... جىھاد ... مۇرتەدلەر يوقاتقان ، ئۇيىنىشىپ ئەڭ قەدىرسىز بىر نەرسە ھالىتىگە ئەكىلىپ قويغان دىنىمىز ئۈچۈن جىھاد ...

كەمبەغەللىك ، يوقسۇللۇق ۋە ئاچلىق ئېزىۋاتقان ، تاغۇتلار كېچە ھىكايىلىرىگە ئوخشاش كۆڭۈل ئېچىۋاتقان نۇمۇسىمىز ئۈچۈن جىھاد ...

ئەسىرلەرنىڭ ۋە تۈرمىگە قامالغانلارنىڭ پەريادى ئۈچۈن جىھاد ...

ساھابىنىڭ ، ئەۋلىيانىڭ ۋە سالىھلارنىڭ قانلىرى بىلەن يۇيۇلغان ئىسلام زېمىنلىرى ۋە يۇرتلىرى ئۈچۈن جىھاد ...

يىلانلارنىڭ كىشلىدىشىدىن ، قاغىلارنىڭ ئاۋازىدىن ۋە مۇسەيلەمەنىڭ ئېتىنىڭ كىشنىشىدىن قۇلاقلار ئېغىرلاشتى. جىھاد ئېتىغا كىم ئېگەر توقۇيدۇ ؟ ياغاچلار ، تاشلار ۋە باشقا مەۋجۇداتلار قاچان « ئەي الله نىڭ ئېتى ، ھۇررا » نىداسى بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ؟

ئۇستازنىڭ « ئەل جىھاد ۋەلئىجتىھاد » ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

مەنبە : دەۋەت ۋە جىھاد تور بېكىتى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# سەمىمىي بىر رەۋىشتە شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىش

ئۇستاز مۇھەممەد بىن ئەھمەد ئەسسالىمنىڭ

« ئىسلام جىھادىغا ھەسسە قوشۇشنىڭ 39 يولى » ناملىق كىتابىدىن بىر بۆلۈم

شۈبھىسىزكى ھەر مۇئمىن شەھىد بولۇشنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ۋە سەمىمىي بىر رەۋىشتە ئارزۇ قىلىشى لازىم . چۈنكى كىم خالىس ۋە راستچىل بىر ھالەتتە شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلسا ئۇ كىشى كارۋىتىدا ئۆلگەن بولسىمۇ يەنىلا شەھىدلەردىن سانىلىدۇ . سەھل ئىبنۇ ھۈنەيف( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) « كىم راستچىللىق بىلەن ئاللاھدىن شېھىتلىكنى تىلىسە ئۇ كىشى گەرچە كۆرپىسىدە ئۆلسىمۇ ئاللاھ ئۇ كىشىنى شەھىدلارنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ .» ( مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى ، نەسەئى ۋە ئىبنۇ ماجە ) ئابدۇللاھ ئەززام ( رەھىمەھۇللاھ ) مۇنداق  دېگەن :

‹ بىر مۇئمىننىڭ شەھىدلىكنى تەلەپ قىلىشى ، شەھىد بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىدۇر . شەھىد بولۇشنى راستچىللىق بىلەن ئارزۇ قىلىشى بولسا ئۇ كىشى كۆرپىسىدە ئۆلسىمۇ ئوخشاشلا شەھىدنىڭ ئەجرىنى ئېلىشىدۇر . ۋاھالەنكى رەببىمىز « ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى. » ( 9 : تەۋبە 46 ) دەيدۇ .

ئى مۇئمىن قېرىنداشىم ! رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇرۇشقا قوشۇلغان ئەرابى مۇئمىننىڭ سەمىمىيىتىنى ۋە شەھىد بولۇش ئارزۇسىنى ئوقۇپ باقمىدىڭمۇ ؟ شۇنداقكى ئۇ ئەرابى كەلگەن ۋە ‹ ئى رەسۇلۇللاھ ! ( گېلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ) دەل بۇ يېرىمدىن ئۇرۇلۇپ شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن › دېگەن ۋە ئاللاھمۇ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) ئۇنىڭ سەمىمىيىتى سەۋەبلىك دەل گېلىدىن بىر ئوق تەككۈزۈپ شەھىد بولۇشنى تەقدىر قىلغان ئىدى . رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) بۇنىڭغا قارىتا « ئۇ راست سۆزلىدى . ئاللاھمۇ ئۇنى ئىسپاتلىدى » دېگەن .

سەمىمىي ئارزۇلار بىلەن ۋە خالىس بىر نىيەت بىلەن شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشىنىڭ ھەقىقىتى بولسا مەيلى قەيەردە بولسا بولسۇن مەيلى نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا بولسۇن، ھەر قانداق بىر جىھاد چاقىرىقىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭغا ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتكەن ۋە ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلغان كىشىدۇر .

ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) بىلەن سەمىمىي بىر دوستلۇق ئورنىتىپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ھىچ ئۈزمىگەن ۋە ئۇنىڭ چاقىرىقىغا راستچىللىق بىلەن ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇققا تەييار بولۇپ ھازىر كۈتكەنلەرگە ۋە چىن كۆڭلىدىن شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلارغا سالام بولسۇن... جىھاد نىداسىنى ئاڭلاپ بىر قۇش كەبى دەرھال قانات قاققانلارغا ، دۈشمەن بىلەن كۆكرەكمۇ كۆكرەك ئېلىشىپ ئارقىسىنى قىلمىغانلارغا سالام بولسۇن...

ئۇبدان قېرىندىشىم ! جىھاد قىلىشقا غەيرەت قىلغىن ! كىمكى سەمىمىي ئارزۇ بىلەن شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلسا ئۇ كىشى ، ( مەيلى قانداق ھال ئۈستىدە بولسا بولسۇن ) بىر كۈنى چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ . سەن مانا بۇ كىشىلەردىن بولۇشقا تىرىشقىن !

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# كافىرلارنىڭ دۆلىتىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

سوئال : مۇۋاھھىد مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى بىلەن ياشىشى سەۋەبىدىن ئۆز دۆلىتىدە رەھىمسىز جاللاتلار تەرىپىدىن ئۇچرىغان زۇلمى كۆزدە تۇتۇلۇپ تۇرۇپ ياۋروپا ياكى ئامرىكىغا ئوخشاش ئەسلى كۇفرى دۆلەتلەرگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: قەدىرلىك قېرىندىشىم ! ھىجرەت توغرىسىدا ساڭا شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى ( ھەفىزەھۇللاھ) نىڭ پەتىۋاسىنى نەقىل قىلماقچىمەن. شەيخ دەيدۇكى :

‹تۇرمۇشنى ۋە ياشاش شەرتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياۋروپا ياكى ئامرىكىدەك ئەسلى كۇپرى دۆلەتلەرگە ھىجرەت قىلىش ، ئۇ يەرلەرنى ۋەتەن قىلىش ، مۇسۇلمانغا ياراشمىغان بىر ئەھۋال ۋە بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز ئۇرۇنماسلىق كېرەك. ئىسلام زېمىنلىرىدا ئۆزىگە باشپاناھ بولغىدەك بىرەر جاي تاپالمىغىنىدا مۇسۇلمان كىشىنىڭ كۇفرى دىيارىغا ھىجرەت قىلىشىغا ئىزنى بېرىلگەن. يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دۆلىتىدە ئەرزىيەت تارتسا ۋە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلانسا دەسلەپكى مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدىن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغىنىغا ئوخشاش ئادالەتلىكراق بىرەر دۆلەتكە كېتىشىگە ئىزنى بېرىلگەن. ئەمما ئېيتقىنىمىزدەك مەجبۇر بولماي تۇرۇپ پەقەت دۇنيالىقنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ۋەتەن قىلىۋېلىش، دىنغا ۋە ئائىلىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن يەڭگىل قارىلىدىغان بىر ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى ئۇ دۆلەتلەردىكى فىتنە ـ فاساد ، ئىسلام دىنىغا ، ئىففەت ۋە نومۇسقا بولغان دۈشمەنلىكى ئاشكارىدۇر.

ياۋروپا ياكى ئامرىكىدىكى ئەقلى جايىدا بولغان قېرىنداشلىرىمىز ، ئۇ يەرلەرگە ھىجرەت قىلماقچى بولغانلارنى ھەزەر ئەيلىتىۋاتىدۇ ۋە « پەخەس بولۇڭلار ! مەجبۇر بولمىغىچىلىك قەدەممۇ ئالماڭلار ! » دېيىشىۋاتىدۇ.

بۈگۈن مۇسۇلمان دەپ ئات قويۇلغان ئەمما كۇفرى نىزامى بىلەن باشقۇرىلىۋاتقان مەملىكەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ فىتنە ۋە فاسادى بىلەن كىشىنىڭ دىنىغا ، ئائىلىسىگە ، ئىففىتىگە ۋە نومۇسىغا بېرىدىغان زەرەرى ياۋروپا ۋە ئامرىكىدەك دۆلەتلەرنىڭ بېرىدىغان زەرەرىدىن يەڭگىلدۇر. بۇ سەۋەپتىن بىزلەر ، ئامرىكا ياكى ياۋروپا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھىجرەت قىلىشنى ئۆيغۇن كۆرمەيمىز ۋە تەۋسىيە قىلمايمىز.

ئىمام بۇخارى ( رەھىمەھۇللاھ ) سەھىھىدە « فىتنىلەردىن قېچىش دىندىندۇر» ناملىق بىر باب ئاچقان ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان : « يېقىندا شۇنداق يامانلىقلار مەيدانغا كېلىدۇكى بىر مۇسۇلماننىڭ ، ئۆز دىنىنى فىتنىلەردىن سالامەت ساقلىشى ئۈچۈن تاغ باشلىرىدا ئايلاندۇرۇپ يامغۇر سۇلىرى چۈشكەن يەرلەردە باقىقان قوي ـ ئۆچكىلىرى ، ئەڭ خەيرلىك مېلى بولىدۇ.»

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سىلەرنى ۋە بىزلەرنى كۆرۈنگەن ۋە كۆرۈنمىگەن بارچە فىتنىلەردىن ساقلىسۇن.›

باشقا بىر مەملىكەتكە ھىجرەت قىلىش ، تاغۇتى نىزاملارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسا ۋە ھىجرەت قىلىنىدىغان يەردە ئاز بولسىمۇ ئادالەت بولسا ياكى ئادالەتنىڭ بارلىقى ئۈمىد قىلىنسا ھىجرەت قىلىش جائىزدۇر. ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغىنىغا ئوخشاش...چۈنكى ئۇ يەر كۇفرى دۆلىتى بولغىنىغا قارىماي پادىشاھىنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان ئىدى.

ياۋرۇپا ۋە ئامرىكىدەك دۆلەتلەردىن گەرەژدانلىق ئېلىش مەسىلىسىدە شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى ( ھەفىزەھۇللاھ) مۇنداق دېمەكتە : ‹ گەرەژدانلىق مەسىلىسىگە كەلگەندە بىز ئامرىكىنىڭ گەرەژدانلىقى بىلەن مۇرتەد دۆلەتلەرنىڭ گەرەژدانلىقى ئارىسىدا پەرق بار دەپ قارىمايمىز. ئەكسىچە مەلۇم بولغىنىدەك مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا مۇرتەدلەر خىرىستىيانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ شىددەتلىكتۇر. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ گەرەژدانلىقى كىشىنى ۋە ئائىلىسىنى فىتنە ۋە فاسادقا ئىتتىرمەيدىغان بولسا ۋە مۇسۇلمانلار گەرەژدانلىق ئالغاندا دىنىدىن چۈشۈپ بەرمەيدىغان بولسا گەرەژدانلىق ئېلىش جائىز. ئەمما تەجرىبىلىرىمىز بىزگە كۆرسىتىپ بەردىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇ دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مەنىۋى قەدىر قىممەتلىرىنى تامامەن يوقۇتۇپ قويىۇشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا گەرەژدانلىق ئېلىش ئەسناسىدا « كافىرلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش ۋە قانۇنلىرىنى ئۈزلەشتۈرۈش » ئاساسىدا قەسەم قىلىش ئەھۋالى بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇنداق بىر قەسەم كىشىنى كۇفرىغا چۈشۈرىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشىغان قەسەملەردە پەقەت كالپۇكنى مىدىرلىتىشلا زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن جائىز. ئامما قەسەملەردە قەسەم سۆزلىرىدىن باشقا بىرەر سۆزنى سۆزلەپ كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىش جائىزدۇر. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. چۈنكى كىشى بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە كۇفرىنى تەقەززا قىلىدىغان بىرەر سۆزنى سۆزلىمىگەن بولىدۇ. ئەكسىچە كافىرلارنىڭ شۇنداق ئويلاپ قېلىشىنى تەمىن ئېتىدۇ. بۇ بولسا تەۋرىيە ( ئالداش) تۈرىدىندۇركى كافىرلارغا قارىتا جائىزدۇر.

شۇنداق...ئەگەر ئىسلام يۇرتى مەۋجۇت بولسا كافىرلارنىڭ گەرەۋدانلىقىنى ئېلىش ھەرگىز جائىز ئەمەس. ئەمما بىز گەرەۋدانلىقىنى ئېلىپ يۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ كۇفرى ۋە مۇرتەدلىكى ئاشكارىدۇر. بۇ سەۋەپتىن بىز گەرەۋدانى بولغان دۆلەتلەر ئۈچۈن ئېيتىلغانلار ، ئامرىكا ۋە ياۋرۇپا دۆلەتلىرىنىڭ گەرەۋدانلىقى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

مانا بۇ مېنىڭ بۇ مەسىلىدە قارار قىلغان قارىشىم . ئەگەر بۇ مەسىلە ھەققىدە تېخىمۇ ئوچۇقلىغۇچى ۋە رۇشەنلەشتۈرۈپ بەرگۈچى مەلۇماتقا ئىگە كىشى بولسا بىزگە بىلدۈرسۇن. ھىچ شۈبھىسىزكى ھەقىقەت بىزنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىمىزدۇر. ئۇنى قەيەردىن تاپساق شۇ يەردىن ئالىمىز.»

تەۋھىد ۋە جىھاد مۇنبىرى

شەرئى پەتىۋا ئۇيۇشمىسى ئەزاسى

شەيخ ئەبۇ ئۇسامە ئەششامى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# جىھاد قىلىش ئەۋۋەلمۇ ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىشمۇ؟

سوئال : بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. الله سىلەرنى پۈتۈن ياخشىلىقلارغا نائىل قىلسۇن.

بىز 20 ۋە 21 ياشلاردىكى ئىككى قېرىنداشىمىز. ئىراقتا ياشايمىز. جىھاد قىلىشنى خالايمىز ئەمما ئىلىم تالىپىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىللە الله نىڭ ئىزنى بىلەن جىھاد قىلىشقا كۈچىمىزمۇ بار. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئائىلىمىزدىن ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىزدىن كېلىپ چىققان بەزى مەسىلىلىرىمىز مەۋجۇت. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ جىھادقا قاتنىششىمىزدىن رازى ئەمەس. بىزگە زەرەر يېتىشىدىن ، كافىر ۋە مۇرتەدلەرنىڭ بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقىشىدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئارىمىزدا داۋاملىق كېلىشەلمەسلىكلەر يۈز بېرىدۇ. بەزى چاغلاردا ئائىلىمىز ئەگەر جىھادقا قوشۇلىدىغان بولساق بىزنى تەرك قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقان. مەلۇم بولغىنىدەك ئىراقتا جىھاد مۇداپىيە جىھادىدۇر ۋە دىنىنى ۋە ئەقىدىسىنى قوغداشنى ئارزۇ قىلغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە جىھاد قىلىش پەرز. ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز ئىلىم تالىپىمىز. بىز جىھادنى تەرك قىلىپ ئىلىم تەھسىلىنى داۋام قىلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى الله يولىدا جىھاد قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ۋە جىھادتىن مەنئى قىلغاننىڭ ھۆكمى نېمە؟

ـ ئەبۇ سەئدەس ئەتتەلافەرى

جاۋاب : ھېچ شۈبھىسىزكى سىلەر جىھاد قىلىشقا قادىر بولغان بۇ ھالدا ساغلام ۋە قېرىندىشىڭغا ۋاجىب بولغىنى بولۇپمۇ جىھاد قىلىشتۇر. دۈشمەن تەرىپىدىن ئۇرۇش ئېچىلغان، ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا جىھاد قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى توغرىسىدا پۈتۈن مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئىجماسى بار. سىلەر ئېيتقان ئائىلىڭىزدىن ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىزدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر، ئائىلەڭلارنىڭ سىلەردىن يىراقلىششى جىھادنى تەرك قىلىشىڭلار ئۈچۈن مەشرۇ( قانۇنى، يولغا قويۇلغان-ت) بىر سەۋەب بولمايدۇ. ئەكسىچە ئائىلەڭلارنىڭ بۇ نۇقتىدا ئېيتقانلىرىغا قارشى كېلىشىڭلار ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىشىڭلار سىلەرگە ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئىتائەت پەقەت مەئرۇفتا بولىدۇ. خۇددى سىلەردىن نامازنى ۋە روزىنى تەرك قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىڭلار قانداق جائىز بولمىسا سىلەرنى ئللەقا ئىسيان قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىڭلار شۇنداق جائىز بولمايدۇ.

دۈشمەن سىلەرنىڭ زېمىنلىرىڭلارغا بېسىپ كىرگەن ، ئىففەتكە تاجاۋۇز قىلغان، كىشىلەرنى ۋە زېمىنلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتقاندا قانداقمۇ ( ئولتۇرالايسىلەر . ) ھالبۇكى الله مۇۋەپپەق قىلغان ۋە ياخشىلىقنى خالىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدىغان بۇنداق كاتتا جىھادقا الله سىلەرنى ئۇلاشتۇرغان ۋە بۇ سەۋەبلىك سىلەر كاتتا بىر نېئمەت ئىچىدىسىلەر.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ جىھادنى بەجا كەلتۈرگەنلەرنىڭ «تائىفەتۇل مەنسۇرا» دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچبىر شۈبھە يوق. تۇنىستىن ، جەزايىردىن ، مەغرىپتىن ، شامدىن ، يەمەندىن پۈتۈن مۇجاھىدلار سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارغا جىھاد قىلىش ، الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈۋاتقاندا نەق جىھادنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سىلەرنىڭ جىھادقا ۋە شەھىدلىكنى تەلەپ قىلىشقا قارىتا تىرىشچانلىقىڭلار قانداقمۇ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن كەم بولۇشى مۇمكىن .

ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە جىھاد توغرىسىدىكى سۆزۈڭلارغا كەلگەندە، جىھاد ئەلۋەتتە ئىلىم ئىگەللەشكە مۇخالىپ ئەمەس. ئەكسىچە سەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ھەم جىھاد قىلالايسەن ھەم ئىلىم تەھسىلىنى داۋام قىلالايسەن. بىلگىنكى، الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا جىھاد مەيدانلىرىدا سىلەرنىڭ ئىلىمىڭلارغا بەرىكەت بېرىدۇ، چۈشەنچەڭلارنى سالامەت قىلىدۇ. ۋە سىلەر بۇنداق بىر بەرىكەتنى جىھاد مەيدانلىرىنىڭ سىرتىدىكى باشقا بىر يەردە ئەسلا تاپالمايسىلەر. ھەقىقەتەن الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ « بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز» سۆزىدە ئىشارەت قىلغىنى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

دۈشمەن زېمىنىڭلارنى ئىشغال قىلىۋالغان كۈنلەردە ئىلىم تالىپلىرى « بىز ئىلىم تەھسىل قىلىمىز» دەپ جىھادنى تەرك قىلسا باشقا كىم جىھادقا ياردەم بېرىدۇ؟

الله تىن قورقىڭ قېرىندىشىم! تىز سۈرەتتە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭنىڭ سېپىگە قېتىلىش ئۈچۈن يۈگۈرگىن قېرىندىشىم. شەخسەن سۆزلىرىڭ بىلەن ، ئىلمىڭ بىلەن ، بەدىنىڭ بىلەن ياردەمچى بولغىن. سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا شەھىد بولغان ئەبۇ ئەنەس ئەششامىدەك مەرد ئالىملارنى ئەسلىگىن . ئۇلار ھېچقاچان ئىلىم تەلەپ قىلىش نامى بىلەن جىھاد كارۋىنىغا قېتىلىشتىن يىراق تۇرغان ئەمەس.

اللەتىن سالامەتلىك تىلەيمىز.

تەۋھىد ۋە جىھاد مۇنبىرى پەتىۋا ئۆيۈشمىسى ئەزاسى

ئەبۇ ئۇسامە ئەششامى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# دەۋەتتە يوشۇرۇنلۇق ۋە يوشۇرۇنۇشنىڭ ھۆكمى

سوئال:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

بىز غەززە سەلەفىلىرىمىز. بىشىمىزغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى بىلىسىلەر. ئەرزىيەتلەر، تۇتقۇن قىلىشلار، ئىسكەنجىلەر ۋە تېخى بۇ بۇ... بىلىشىمىزچە ئەبۇ نۇر ئەل مەقدەسى ( رەھىمەھۇللاھ ) :‹ مەسجىتلەرنى قوغدايدىغان مەرد كىشىلەر قالمىغاندا كېلەچەكتە سەلەفىلەر مەخپى ھەرىكەت قىلىدۇ › دېگەن ئىدى. بۇنىڭغا قارىماي ئىسلام تارىخى بويىچە ئىسلامغا دەۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ شەرتلەر مۇۋاپىق بولغان ۋاقىتتا دەۋەتلىرىنى ئاشكارە ئېلىپ بارغانلىقىنىمۇ بىلىمىز. ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد، ئەبۇ زەر غىففارى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى مۇھەممەد مۇستافا ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ قىلغىنىدەك...

يوشۇرۇنلۇق ۋە يوشۇرۇنۇش قايسى خۇسۇسلاردا جائىز؟ مەنھەجنى ، پىلان ۋە پروگراممىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ ياكى پەقەت مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ۋە مۇئەييەن تېمىلار ئۈچۈن كۆچكە ئېگىمۇ ؟

يەنە بىر تەرەپتىن پىكرىمىزنى ۋە ئەقىدىمىزنى ئاشكارىلىشىمىز ۋە ئىنسانلارنى ئاشكارە دەۋەت قىلىشىمىز ۋاجىپمۇ؟ ياكى كىشىلەرنىڭ كۈچ يەتكۈزەلىگىنىگە كۆرە ئۆزگىرەمدۇ ؟

جاۋاب:

ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھ ۋە بەرەكاتۇھۇ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ھەمد پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. سالات ۋە سالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولسۇن. ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇبارەك قىلسۇن. مەنپەئەتلىك ئىلىم كەينىدىن يۈگۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى ئىستەك ۋە غەيرىتىڭنى ئارتتۇرسۇن. بىزگە ۋە سىلەرگە سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن. (ئامىين)

قەدىرلىك قېرىندىشىم ! ئالدى بىلەن ئۇچۇقلىشىم كېرەككى ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) نىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش سەلەفى سالىھىنىنىڭ مەنھەجىدۇر. سەزگۈرلۈك بىلەن راستچىل ۋە گۈزەل بىر رەۋىشتە ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا )غا دەۋەت قىلىش ، ھاياتنىڭ ۋاز كېچەلمەس زۆرۈرىيەتلىرىدىندۇر. ئىنسانىنىڭ دەۋەتكە بولغان ئېھتىياجى، يېمەك ۋە ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجىدىن ئارتۇقتۇر. چۈنكى ئادىمىزاتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەختى ، راھەت ۋە پاراغىتى بۇ دەۋەتكە باغلىق. ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) غا دەۋەت قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى كىتاب ۋە سۈننەتتىن نۇرغۇنلىغان دەلىل بىلەن سابىتتۇر.

« سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائەت بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» ( 3 ئال ئىمران ^103 )

« ئېيتقىنكى، «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) الله غا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. الله پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» ( 12 يۇسۇف ^ 108 )

« پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ» ( 16 نەھل ^ 125 )

« پەرۋەردىگارىڭغا (يەنى ئۇنى بىردەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا) دەۋەت قىلغىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلاردىن بولمىغىن (يەنى ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ماسلاشمىغىن)» ( 28 قەسەس ^ 87 )

« كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن شەكسىز توغرا يولدىدۇرسەن» ( 22 ھەج ^ 67 )

« شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن» ( 42 شۇرا ^ 15 )

ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) ، رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھقا دەۋەت قىلغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان . ھىچ شۈبھىسىز رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)گە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر.

«سىلەرگە ـ اللەنى، ئاخىرەتكۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشىئۈلگىدۇر.» ( 33 ئەھزاب ^ 21 )

ئالىملار ئاللاھقا دەۋەت قىلىشنىڭ فەرز كۇپايە ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر گۇرۇھ بۇ ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرسە باشقىلىرىدىن مەسئۇلىيەت كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمدى دەۋەت ئۇلار ئۈچۈن مۇئەككەد سۈننەت ، سالىھ بىر ئەمەل بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر دەۋەتنى تامامەن تەرك ئېتىشسە ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ ۋە دەۋەت قىلىش ھەركىمگە ۋاجىپ بولىدۇ.شۇنداق بولسا ھەر بىر كىشى كۈچىنىڭ يەتكىنىچە ، تاقىتى نىسبىتىدە دەۋەتكە ئېسىلىشى كېرەك .

كۈنىمىزدە سەھىھ مەنھەجگە دەۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ سانى تولىمۇ ئاز بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايۋاتىمىز. بۇ سەۋەبتىن بۈگۈن سەھىھ مەنھەجگە دەۋەت قىلىش فەرز ئەيندۇر. ھەركىم كۈچى نىسبىتىدە بۇ فەرزنى بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك . ھېچ شۈبھىسىز ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) ھېچكىمگە كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى يۈكلىمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىلىمنى يوشۇرۇش ھارامدۇر. ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىر ئىلىمنى يوشۇرۇش ئالىملار ئۈچۈن ئەسلا جائىز ئەمەس. ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) مۇنداق دەيدۇ :

«بىزكىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اللە لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ.» ( 2 بەقەرە ^ 159 )

«اللەكىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنەپۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارامىلىرى ئۇلارنى دوزەخكە ئېلىپ بارىدۇ)، قىيامەت كۈنى اللە ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشالقىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقادۇچار بولىدۇ.» ( 2 بەقەرە ^ 176 )

« ئۆز ۋاقتىدا، اللە كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكىاللەنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدەئالدى، لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنابەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنىنېمىدېگەن يامان!» ( 3 ئال ئىمران ^ 187 )

ئىنسانلار مۇھتاج بولغان ھەر ئىلىم ( بولۇپمۇ تەۋھىد ۋە تەۋھىدكە دائىر خۇسۇسلار ) ئۇلارغا ئۆچۈقلىنىشى ۋە بىلدۈرۈلىشى كېرەك . تاكى خەلققە يېتىشىدىغان رەببانى ئالىملار بارلىققا كېلىپ فەرز كۇپايە ئادا قىلىنغانغا قەدەر...

جامائەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە پائالىيەتلىرىنى يوشۇرۇش بىلەن ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) نىڭ دىنىغا قىلىنغان دەۋەتنى يوشۇرۇشنى بىر بىرىگە ئارلاشتۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. بىرىنجىسىدە قېيىنچىلىق ۋە بىسىم ئارتقىنىدا يوشۇرۇنلۇققا رىئايە قىلىش مۇمكىندۇر. ئەمما ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا )نىڭ دىنىغا قىلىنغان دەۋەت بىلدۈرۈلىشى ۋە يوشۇرۇلماسلىقى كېرەك . ئوخشاشلا ھەق ئۈستىدە تورۇشقا كۆچى يەتمىگەن ئاجىز كىشىلەر بىلەن ئۆزلىرىگە ئەگىشىلگەن ئىلىم ئەرباپىنى بىر بىرىدىن ئايرىش كېرەك . بىرىنجى گورۇپپىدىكىلەر ئۈچۈن تەقىييە ( يوشۇرۇنۇش ) يولىنى تۇتۇش جائىز بولغىنىدا ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن ھەقنى سۆزلەش ۋە بۇ سەۋەبلىك باشقا كېلىدىغان ئەرزىيەتلەرگە چىداشتىن باشقا بىر يول يوق . بۇ نۇقتىدا ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتى بۇيىچە ۋە ۋەزىيىتى تەقەززا قىلغان رەۋىشتە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەقنى جاكارلايتتى، تەۋھىدنى ئېلان قىلاتتى ۋە ئاللاھنىڭ دىننى تەبلىغ قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ تەبلىغنى يوشۇرۇن قىلىشى جائىز ئەمەس ئىدى . چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىلگەن ئىمام ئىدى. يەنە ساھابىلەردىن غەيرەتكە ئېسىلىپ مۇشرىكلارغا قۇرئاننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەبلىغنى ئاشكارا قىلغانلار بولغىنىدەك ئىمانىنى يوشۇرمىسىمۇ تەبلىغنى يوشۇرغانلار مەۋجۇت ئىدى.

غەززەدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا كەلسەك ...ھاماس ھۆكۈمىتىگە ئىككىنچى قېتىم قۇلاي بىر ئوۋ ۋە قولاي بىر لوقما بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى يوشۇرۇن قىلىشلىرى كېرەك . ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شەرتلىرى ئورۇندىلىشى ۋە ئىنسانلاردىن ( ئاللاھنىڭ دىنىغا ئائىت ) ھىچبىر چۈشەنچە يوشۇرۇلماسلىقى لازىم . ئۇنۇتماسلىق كېرەككى يوشۇرۇنلۇق جامائەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە پائالىيەتلىرى خۇسۇسىدا بولىدۇ. ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتا يوشۇرۇنلۇق يوق. ئەكسىچە كېرەكلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ۋە سېستىمىلىق ھالدا دەۋەتكە يېپىشىش ۋە دەۋەتنى ئادا قىلىش كېرەك . مەسىلەن تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈلگەن كىشىلەرنى تاللاش ، دەۋەتنى قوبۇل قىلىشىدىن ئۈمىد بار ۋە قارشى كەلمەيدىغان، تارتىشمايدىغان كىشىلەرنىڭ تاللىنىشى ياكى تەبلىغ ئۈچۈن مۇناسىپ ۋاقىت ۋە ئورۇنلارنىڭ كۆزىتىلىشى قاتارلىق تەدبىرلەر ئېلىنىشى كېرەك.

خۇلاسىلىغاندا ، دەۋەت قىلغاندا دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان نۇقتىلار مۇنداق :

1.دەۋەت ئەسناسىدا گۈزەل بىر ئۇسلۇپ بىلەن ھىكمەتلىك ۋە شىرىن سۆزلەرنى سۆزلەش.

2. دەۋەتنى تەدرىجى ئېلىپ بېرىش

3.بىلىنگەن ھەر چۈشەنچە ھەركىمگە دىيىلمەسلىكى كېرەك. ئەلى بىن ئەبى تالىب ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) ‹ كىشىلەرگە چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەڭلار! سىلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يالغانغا چىقىرىلىشىنى ئارزۇ قىلامسىلەر ؟ › دېگەن. ( بۇخارى )

4. دەسلەپ بولۇپ ئەڭ مۇھىم تېمىلاردىن باشلىنىشى كېرەك . كىشىلەر تەۋھىدنىڭ ‹ ت › سىدىن بىخەۋەر تۇرغاندا ئۇلارغا ئەقىدىنىڭ فۇرۇ مەسىلىلىرىدىن سۆزئېچىشنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ھېچ شۈبھىسىز تەۋفىق ( مۇۋاپپەقىيەت ) ئاللاھ ( سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ) دىندۇر. ۋەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين.

جاۋاب بەرگۈچى

تەۋھىد ۋە جىھاد مۇنبىرى شەرئى پەتىۋا ئۇيۇشمىسى

ھەيئەت ئەزاسى : شەيخ ئەبۇ ۋەلىد ئەل مەقدىسى

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ھۆكمى

شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىز

ئەسكىرى تەربىيە ، قانۇنلۇق ئۆزۈرى بولغانلاردىن سىرت ، مۆكەللەف بولغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. چۈنكى بۇ جىھادنىڭ ئۇل تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى. ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى تۆۋەندىكىدەك تەرتىپكە تىزىشىمىز مۇمكىن :

ئا : مەلۇم بولغىنىدەك فىقھە كىتابلاردا جىھادنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە پەرز ئەيىن بولىدىغان ۋەزىيەتلىرى بايان قىلىنغان . بۇلارنى ئىبنى قۇدامە ئەل ھەنبەلى ( رەھىمەھۇللاھ ) « ئەلمۇغنى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ‹ جىھاد ئۈچ يەردە پەرزى ئەيىن بولىدۇ :

1 ـ مۇسۇلمان ۋە كافىر ئىككى سەپ يۈزمۇ ـ يۈز كەلگەن ۋە ئۇرۇش باشلانغان ۋاقىتتا ئۇ يەردە بار بولغان كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشقا قېتىلماسلىقى ھارام بولۇپ ئۇرۇش قىلىشى پەرز ئەيىندۇر. چۈنكى الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللەنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.(پۈتۈن سۆز ـ ھەركەتلىرىڭلاردا) اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ،(دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلاركېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.» ( ئەنفال : 45 ـ 46 )

« ئى مۇئمىنلەر! كافىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار).كىمكىقايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تەلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىرتەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ. دەۋزەخ نېمىدېگەنيامان جاي!» ( ئەنفال : 45 ـ 46 )

2 ـ دۈشمەن بىر يەرنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋاقىتتا ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۇرۇش قىلىشى ۋە بۇ دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىشقا تىرىشىشى پەرز ئەيىندۇر.

3 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى سەپەرۋەرلىك قىلغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا چىقىشى پەرز ئەيىندۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە الله يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يەرتۇتۇۋالىسىلەر؟ ئاخىرەتنىڭ ئورنىغا دۇنيا تىرىكچىلىكىگە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللهغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەرنەرسىگە قادىردۇر.» ( تەۋبە : 38 ـ 39 )

رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دەيدۇ:« سىلەر ئۇرۇشقا چاقىرىلساڭلار چىقىڭلار ! » ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ) ( كىتابۇل مۇغنى ۋەششەرھۇل كەبىر، 10 /365 ـ 366)

بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى بۈگۈن جىھاد بولۇپمۇ ئىككىنچى ۋەزىيەتكە بىنائەن ئومۇمەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين ھۆكۈمىدىدۇر. چۈنكى بۈگۈن مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسەن ھەممىسىدە كافىرلار ھاكىم ۋە ھۆكۈمران بولغان ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتىدۇ. بۇلار يا چەتئەللىك جاھانگىر كافىرلار يا يەرلىك كافىرلاردىن ئىبارەت.

جىھاد پەرز ئەين بولغاندا ، ئۇنى تەرك قىلىش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ توغرىلىق كاتتا جازالار بىلەن تەھدىد قىلىنغان. بۇ ئەكسىچە رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) بىلدۈرگەن ھالاك قىلغۇچى يەتتە گۇناھنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەردە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا پەرز ئەين بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان جىھاد ئۈچۈن تەييارلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى جەھەتتىن ئەسكىرى تەربىيەنىڭ ۋاجىپلىقى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىماقتا. چۈنكى ۋاجىپ پەقەت ئۇ ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدىغان ئىشمۇ ۋاجىپنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ب ـ « دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى * ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار...»(ئەنفال :60 ) ئايىتى بىلەن ، ئۇقبە بىن ئامىردىن مەرفۇئ ھالدا رىۋايەت قىلىنغان « بىلىڭلاركى ، قۇۋۋەت مەرگەنلىكتۇر.» ھەدىسى.(مۇسلىم) ( *ئىزاھات: ئايەتتە كەلگەن «قۇۋۋەت» كەلىمىسى ، «قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» دە « قورال كۈچى» دەپ ئېلىنغان. ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ماقالىدە كەلگەن « قۇۋۋەت » كەلىمىسى باشقا يەرلەردە ئۆزگەرتمەي ئېلىندى.)

بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇق ، ۋاجىپلىقنى ئىپادىلەۋاتماقتا ۋە مەندۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق بىرەر ئالامىتىمۇ يوق . تەييارلىق قىلىش ۋاجىپ بولسا ، تەربىيەمۇ ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى تەربىيە تەييارلىقنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر.

ئۇقبە بىن ئامىرنىڭ بۇ ھەدىسنى ئوچۇقلاۋېتىپ سانئانى مۇنداق دەيدۇ : ھەدىس ، ئايەتتە كەلگەن قۇۋۋەتتىن مەقسەت قىلىنغاننىڭ ئوق ئېتىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) دەۋرىدە مەلۇملۇق بولغان ئېتىش ئۇنىڭ بىلەن بولاتتى. بۇ ، مۇشرىكلەرگە ۋە ئىسيانكارلارغا قارشى قۇرال ئىشلىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بۇ ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىشمۇ شەرئەتنىڭ بىر زۆرۈرىيىتىدۇر. تەييارلىق قىلىش ، پەقەت كۈنۈشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ. مەرگەنلىكنى بېجىرەلمىگەن كىشى قۇۋۋەت تەييارلىقنى قىلغان ھېسابلانمايدۇ.» ( سۇبۇلۇسسالام، 1384/4 ، ھەدىس نۇمىرى 1236)

س ـ الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن الله ئۇلارنىڭ چىقىشنى ياقتۇرمىدى،(ئۇلارنىڭدىللىرىغا ھورۇنلۇقنى سېلىپ) ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇردى، (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپقالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار، ئاجىزلار) بىلەن قېلىڭلار» دېيىلدى.» ( تەۋبە : 46)

الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ، جىھادقا تەييارلىق قىلماسلىقنى ( تەلىم ـ تەربىيە ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر) مۇنافىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى قىلىپ قاتارغا قويغان . بۇمۇ « دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى تەييارلاڭلار» ئايىتىدىكى بۇيرۇقنىڭ ۋاجىپلىقنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۈچلەندۈرىۋاتماقتا. چۈنكى بۇ ئايەتتە تەييارلىق قىلماسلىق سۆكۈلگەن. بۇ رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىۋاتماقتا : « كىم جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى نىيەتمۇ قىلماي ئۆلسە مۇنافىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ .» ( مۇسلىم)

د ـ رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇنداق دەيدۇ : « مەرگەنلىكنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تەرك قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس ياكى ئىتائەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ.» (مۇسلىم) نەۋەۋى ( رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: « بۇ، مەرگەنلىكنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنتۇشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدىكى چوڭ بىر تەھدىد. ئۆزۈرسىز ھالدا ئۇنى تەرك قىلىش ، شىددەتلىك بىر مەكرۇھتۇر.»

بۇ تەھدىد ۋە سۆكۈش ، مەرگەنلىكنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى داۋاملاشتۇرمىغانلار توغرىسىدا بولسا ، ئەجەبا ھېچ ئۆگەنمەي قويمىغانلار ئۈچۈن قانداق بىر تەھدىد ۋە سۆكۈش توغرا كېلەر؟

بۇ مەسىلە ھەققىدە باشقا دەلىللەرمۇ مەۋجۇت. ئۇزلۇكسىز مەشىق قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنچىلىكى بىلەن كۇپايىلىنىمىز. خۇلاسە قىلغاندا ، ئۆزۈرى بولمىغان ھەر بىر مۇسۇلمان مۇكەللەف ئۈستىگە ئەسكىرى تەربىيە ئېلىش ۋاجىپ. ‹ ‹ئىسلامدىكى ئەسكىرى ساھە› توغرىسىدا بىر كىتاب تەييارلىغان مەھمۇد شىت خەتتاب « قۇرال تەربىيىسى» بۆلۈمىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئىشلىتىشنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ھېچبىر قۇرالنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. داۋاملاشقان ۋە يۇقىرى سەۋىيىدىكى قۇرال تەربىيىسى ، ئۇ قۇرالنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشلىتىش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قۇرال تەربىيىسىنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئالغان جەڭچى ، ئۇ قۇرالنى غەلىبىلىك ئىشلىتەلەيدۇ. ئەمما قۇرال تەربىيىسى ئالمىغان جەڭچى ئۇنى ئوڭۇشلۇق ئىشلىتەلمەيدۇ. تەربىيەلەنگەن جەڭچى بولسا ، تەربىيە كۆرمىگەن جەڭچىنى ئاسانلا يېڭەلەيدۇ، الله نىڭ ئىزنى بىلەن.

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەپلەر قۇرال تەربىيىسىنى ئىلىپ باراتتى. ئەمما تەربىيىسى مەجبۇرى ئەمەس ئىدى. بەزىلىرى ئارزۇ ۋە ھەۋىسى بويىچە قۇرال تەربىيىسىنى ئالمايتتى. ئىسلام كېلىپ قۇرال تەربىيىسىنى تەشۋىق قىلدى ۋە بۇيرۇدى. چۈنكى قولى قۇرال تۇتقان ھەر بىر مۇسۇلمانغا جىھادنى پەرز قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام قوشۇنىدا ئەسكەر سانىلىدۇ ۋە الله تەئالانىڭ سۆزىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ.

مەرگەنلىكنى تەشۋىق قىلغان بىر قاتار ھەدىسلەر مەۋجۇت...رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇنداق دەيدۇ: « مەرگەنلىكنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنتۇغان بىزدىن ئەمەس.»(ئەھمەد) ياشىنىپ قالغان كۆپلىگەن ئالىم ۋە ئىماملارنىڭ مەرگەنلىكنى ئۆگەنگەنلىكى كۆرۈلگەن. بۇلاردىن بىرى بولسا ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەلدۇر( رەھمەھۇللاھ). بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقى سورالغىنىدا ياكى خەلقنىڭ بۇنى يات كۆرۈۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) يۇقىرىدىكى ھەدىسى بىلەن جاۋاب بېرەتتى.»( مەھمۇد شىت خەتتاب، ئەلئەسكەرىييەتۇل ئەرابىييەتۇل ئىسلامىييە، 146 ـ 149، مۇئەسسەسەتۇررىسالە، ھىجرى 1405)

ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي مەرگەنلىكنى داۋاملاشتۇرغانلاردىن بىرى بولسا يۇقىرىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابە ئۇقبە بىن ئامىرنىڭ ئۆزىدۇر. مەرگەنلىك قىلىشنىڭ يات كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرگىنىدە بۇنىڭغا جاۋابەن بىز يۇقىرىدا نەقىل قىلغان مۇسلىمدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# « ئىلىم ئۆگەنمەي تۇرۇپ جىھاد بولمايدۇ » شۇبھىسىگە جاۋاب

شەيخ ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىز

جىھادتىن ئەۋۋەل ئىلىم ئۆگىنىلىشى كېرەكلىكى دەۋاسىنى ئوتتۇرغا تاشلىغانلار، بۇ دەۋالىرى بىلەن پەرز ئەين بولغان شەرئى ئىلىملەرنى مەقسەت قىلىۋاتقان بولسا ، بۇنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىتتا ئادا قىلىنالايدىغانلىقىنى ۋە ھۆكۈملەرنىڭ شەرئى دەلىللىرىنى تەپسىلى ھالدا بىلىشنىڭ پەرز كۈپايە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ھەر كىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئەمەسلىكىنى ئېيتىشىمىز كېرەك . ئىبنى ھاجەر ، قۇرتۇبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ : « بۇ پەتىۋا ئىماملىرى ۋە ئىلگىرىكى سەلەف ئىماملىرىنىڭ قارىشىدۇر. بۇلاردىن بەزىلىرى بۇ قارىشىنى ، فىترەتنىڭ ئەسلى بىلەن ئالاقدار ئېيتىلغانلار ۋە نەبى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) دىن ۋە ساھابىلەر( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم )دىن نەقىل قىلىنغان ۋە مەيلى نەبى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) بولسۇن مەيلى ساھابىلەر( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ) بولسۇن، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ ئىككى شاھادەتنى ئىقرار قىلىشى ۋە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى بەجا كەلتۈرۈشىنى ئۇلارنىڭ ئىسلامى ئۈچۈن يېتەرلىك قاراپ بۇ ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىنمۇ ئۆگىنىشىنى ئۇلارغا شەرت قىلىپ قوشمىغانلىقىغا ئالاقدار بولغان مۇتەۋاتىر خەۋەرلەر بىلەن دەلىللىمەكتە.» ( فەتھۇلبارى ، 352/13 )

بۇ دەۋانى ئوتتۇرغا چىقارغانلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ، فەرز كۈپايە بولغان ئىلىملەر بولسا ۋە بۇ ئىلىملەردىن مۇئەييەن بىر مىقدارنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ مۇسۇلمانىنىڭ جىھاد قىلالمايدىغانلىقىنى دېمەكچى بولسا ، بۇ ئىككى جەھەتتىن خاتادۇر :

بىرىنچى جەھەتتىن : ئۇلار فەرز كۈپايە بولغان ئىلىمنى فەرز ئەين ۋەزىيىتىگە كەلتۈرۈشكەن. بۇ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولۇشىغا ۋە بۇ سەۋەبلىك ، قولغا كېلىشى مۇمكىن بولىدىغان بىر قاتار ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ يوق قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھالبۇكى الله تەئالا بۇنى چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ :

« مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭجىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكىھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىنكېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىمتەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟ » ( تەۋبە : 122 )

بۇ ئايەتتە الله تەئالا ئىنسانلارنى دىندا كەڭرى مەلۇماتلىق بولغانلار ۋە بولمىغانلار دەپ ئىككى ئايرىۋاتماقتا . الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى دىن سوراڭلار...» (نەھل : 43 ـ ئايەتتىن)

ئالىم بولغان كىشىگە ئىنسانلارغا ئۆگىتىش يۈكلەنگەن . بۇنى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىلەن ياكى ئۆزىدىن سورىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي ھەقنى بايان قىلىش بىلەن قىلىدۇ. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

«... قەۋمىنىڭكىشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدەنىمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟ » ( تەۋبە : 122 )

« ئېيتقىنكى : ‹ سىلەر كېلىپ ( ئاڭلاڭلار)، الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي..» ( ئەنئام : 151 ـ ئايەتتىن )

ئوخشاشلا نەھل سۈرىسىدىكى ئايەتتە بىلدۈرۈلگىنىدەك بىلمىگەنلەر، دىنغا ئائىت فەرز ئەين بىلىملەرنى بىلىدىغانلاردىن سوراپ ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بىلىدىغانلار، بىراۋنىڭ بىلمەي تۇرۇپ ئەمەل قىلغانلىقىنى ۋە بىلمەيدىغانلىقىغا قارىماي سورىمىغانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ ۋە نەسىھەت قىلىپ توغرا بولغانىنى كۆرستىدۇ.

ئىككىنچى جەھەتتىن : ئۇلار جىھاد ئۈچۈن شەرت بولمىغان بىر مەسىلىنى شەرت ھالىتىگە كەلتۈرۈشمەكتە . ئەجەبا جىھاد قىلىشتىن بۇرۇن ئىلىم ئۆگىنىشنى پەرز دەپ ھېسابلىغان بۇ كىشىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ كىتاب ۋە سۈننەتتىن دەلىلى نىمە ؟ دەرھال بايان قىلايلىكى بۇنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق . رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دەيدۇ :

« كىمكى ئىسلام دىندا بولمىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلسا ، ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ.» ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ )

بۇنى سۆزلىگەنلەرنىڭ دەۋاسى دىندا بولمىغان بىر نەرسىنى پەيدا قىلىش بولۇپ ئۇ نەرسە رەد قىلىنىدۇ.

بۇ دەۋانىڭ سۈننەتتىن ياكى سالىھ سەلەفتىن دەلىلى بارمۇ ؟ ئەجەبا ساھابىلەر ۋە سەلەفى سالىھىن ، جىھاد قىلىشتىن بۇرۇن ھەر مۇسۇلماننىڭ ئىلىم ئۆگىنىشنى ۋاجىپ دەپ قارامتى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن جەڭچىلەردىن ئىمتىھان ئالامتى؟

ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلىدا ھۇدەيبىيە كۈنى رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) بىلەن بىللە ساھابىلاردىن 1400 كىشى بار ئىدى . سەككىزىنچى يىلىدىكى

مەككىنى فەتھى قىلىش سەپىرىدە بولسا ساھابىنىڭ سانى 10مىڭ كىشى ئىدى . مەككىنىڭ فەتىھدىن كېيىن بىر ئايمۇ بولماي تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) 12مىڭ ساھابە بىلەن بىللە ھۇنەين جىڭىگە باردى . بۇلاردىن 10مىڭى مەككە فەتىخ قىلىنغاندا بار بولغانلار ، ئىككى مىڭى بولسا مەككىنىڭ فەتىھدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانلاردۇر. ئەجەبا بۇ ئىككى مىڭ كىشى ، مۇسۇلمان بولغىنىغا بىر ئايمۇ ئۆتمىگەن بولۇشىغا قارىماي ئىلىمنى قەيەردىن ئۆگەندى . ئەجەبا رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) ئۇلارغا « سىلەر يېڭىدىن مۇسۇلمان بولدۇڭلار ، ئىلىم تەھسىل قىلمىغىچە مەن بىلەن بىللە ئۇرۇشقا بىللە چىقماڭلار» دېدىمۇ ؟ ياق . ئۇنىڭ بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشقا ئىزىن بەردى ، ئۇلار بولسا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئىلىم ئۆگىنەتتى ۋە نەبى ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) لازىملىق نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئۆگىتەتتى.

ئەبۇ ۋاقىت ئەل لەيسىدىن ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ : « رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) بىلەن بىللە ھۇنەين ئۇرۇشىغا چىققىنىمىزدا بىز تېخى يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن ئىدۇق. مۇشرىكلانىڭ ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ قوراللىرىنى ئېسىشقان بىر سىدر دەرىخى بار ئىدى. بۇنى ‹ زاتۇ ئەنۋات › دېيىشەتتى. بىر سىدر دەرىخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىز : ‹ ئەي اللەنىڭ ئەلچىسى ! مۇشرىكلارنىڭ زاتۇ ئەنۋاتى بولغىنىدەك بىز ئۈچۈنمۇ بىر زاتۇ ئەنۋات بەلگىلەپ بەرگىن.› دېدۇق. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى : « الله ئەكبەر ! مانا بۇلار الله نىڭ سۈننەتلىرىدۇر. جېنىم ئىلكىدە بولغان اللەقا قەسەم قىلىمەنكى ، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ مۇساغا دېگىنىگە ئوخشاش بىر ئىشنى دېدىڭلار. ئۇلار مۇنداق دېگەن ئىدى : ‹ ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئوخشاش بىز ئۈچۈنمۇ بىر ئىلاھ ياساپ بەرگىن .› مۇسا : ‹ سىلەر بىر جاھىل قەۋمسىلەر › دېگەن ئىدى. سىلەرمۇ سىلەردىن ئىلگىركىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىۋاتىسىلەر.» ( تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.)

بۇلارنىڭ ھەممىسى ، ئىلىم ئىگەللەشنىڭ جىھادنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەسلىكىنى ، ھەتتا بىر كىشى ئۈستىگە فەرز ئەين بولغان ئىلىمنى ئۆگىنىشتە كەمچىللىك سادىر قىلىسىمۇ بۇنىڭ جىھادقا قېتىلىشىغا توسالغۇ بولمىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئىبنى قۇدامە ( رەھىمەھۇللاھ ) جىھادنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ شەرتلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان : « جىھادنىڭ كىشىگە ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن بۇ يەتتە شەرت تېپىلىشى كېرەك : ئىسلام ، ئەقىل ، بالاغەتكە يېتىش ، ھۆرلۈك ، ئەر كىشى بولۇش ، جىسمانى ساغلاملىق ، مالى ئىمكان .»(ئەل مۇغنى ۋەششەرھۇل كەبىر ، 366/10)بۇ شەرتلەرگە ،ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىمۇ قوشۇلىشى كېرەككى ئىبنى قۇدامە باشقا بىر يەردە بۇلارنىمۇ بايان قىلغان . ( ئاغە . 381/10 ـ 384 )

بۇ فەرز كۇفايە ھۆكۈمىدە بولغان جىھادنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ شەرتلىرى. فەرز ئەين بولغان جىھادتا بولسا بۇ شەرتلەرنىڭ بەزىلىرى چۈشىدۇ ۋە پەقەت بۇ بەشلا شەرت قالىدۇ: ئىسلام ، بالاغەتكە يېتىش، ئەقىل، ئەر كىشى بولۇش ۋە تەن ساغلاملىقى . فەرز ئەين بولغان جىھاد ئۈچۈن ئەر كىشى بولۇش شەرتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقانلارمۇ بار. دۈشمەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكىتىنى ئىشغال قىلغان ياكى نامازلارنى قىسقارتىپ ئوقۇش جائىز بولىدىغان مۇساپىدىنمۇ يېقىن ئارىلىقلارغا كەلگەن ۋەزىيەتتە ، نەپەقە شەرتى ( تۆرمۆش كەچۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەر ـ ت) سۆرۈشتۈرۈلمەيدۇ.

ھەققە ئەگەشكەن ، كىبىر ۋە جاھىللىق قىلمىغان ھەركىم كۆرۈۋاتىدۇكى شەرئى ئىلىم تەھسىلى ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن شەرتلەرنىڭ ئارىسىدا سانالمايۋاتماقتا. سانالغان بۇ شەرتلەر پەقەت ئىبنى قۇدامەنىڭلا قارىشى ئەمەس . بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىللە مەن تەتقىق قىلغان ھېچبىر فىقھ كىتابلىرىدىمۇ جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ شەرت قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئۇچراتمىدىم.

بۇ توغرىسىدا بۇخارى بەرادىن ( رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ) رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىس دەلىل سۈپىتىدە يېتەرلىكتۇر : رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم )نىڭ يېنىغا تۆمۈر ساۋۇتلۇق بىر ئادەم كەلدى ۋە : « ئەي اللەنىڭ ئەلچىسى ئاۋۋال جەڭ قىلايمۇ ياكى مۇسۇلمان بولايمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) ، « ئاۋۋال مۇسۇلمان بول، ئاندىن جەڭ قىل» دېدى. ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولدى، جەڭگە كىردى ۋە ئۆلتۈرۈلدى . بۇنىڭغا قارىتا رەسۇلۇللاھ ( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) مۇنداق دېدى : « ئاز ئەمەل قىلدى ، كۆپ ئەجىر ئالدى.»( مۇسلىم )« ئۇنداق بولسا قايتىپ كەت ، ھېچقاچان بىر مۇشرىكتىن ياردەم ئالمايمەن» ھەدىسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

مۇسلىم ئائىشەدىن ( رەزىيەللاھۇ ئەنھا ) رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ، ئۇنىڭدىن تەكلىپ قىلىنغان ياردىمى رەد قىلىنغان بۇ مۇشرىكنىڭ ، بەدىر كۈنى مۇسۇلمان بولغانلىقى ، ئاندىن جەڭ قىلغانلىقى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. كۆرۈلگىنىدەك بۇ ھەر ئىككى ۋەقەدىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىلەرگە ئاۋۋال ئىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن كېيىن جەڭ قىلىشنى بۇيرۇغان ئەمەس . پەقەت مۇجمەل ئىمانغا ئىگە بىر مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلغان . ئىلىم ئۆگىنىش جىھادنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدا شەرت بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كىشىلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى بىلەن بىللە جەڭ قىلىشىغا ئىزنى بەرمەيتتى، بۇ يەردىنمۇ بۇنداق بىر شەرتنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىمىز. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: « يۈزلەرچە قېتىم شەرت قوشۇلسىمۇ ، اللەنىڭ كىتابىغا مۇۋاپىقلاشمىغان ھەر تۈرلۈك شەرت كۈچكە ئىگە ئەمەستۇر.»(بۇخارى)

جىهاد قىلىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى سۆزلەشنىڭ باتىل بىر دەۋا ئىكەنلىكى چۈشىنىلىشى كېرەك ۋە بۇ دەۋانىڭ، بىز بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا فەرز ئەين ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن جىهاد ئەمەلىنىڭ يوق قىلىنىشىغا يول ئېچىشى مۇمكىنلىكى ئاشكارىلىنىشى كېرەك.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى

# ھىجرەت

شەيخ ھامەد بىن ئەتىق

ھىجرەت بۇ ئۇممەتكە قىيامەتكە قەدەر پەرىزدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :

«تەۋبە ئىشىكى تاقالمىغۇچە ھىجرەت يولى تاقالمايدۇ ، قوياش غەربتىن چىقمىغۇچە تەۋبە ئىشىكى تاقالمايدۇ.» ( ئەبۇ داۋۇد ، جىھاد : 2 ، ئەھمەد : 192 ، ئەلبانى ئىرۋائۇل غالىل : 1208 )

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان :

« مۇشرىكلارنىڭ ئوتىدىن پايدىلىنىپ يورۇقلۇق ئالماڭلار » ( ئەھمەد : 3ـ 99 ، نەسەئى زىنەت : 51 )

ئىبنى كەسىر ، بۇ ھەدىس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا مۇنداق دەيدۇ :

« ئۆيلىرىڭلارنى ئۇلارغا يېقىن سالماڭلار ، ئۇلار بىلەن بىللەن ياشاپ بىر يەردە تۇرماڭلار . ئەكسىچە ئۇلاردىن يىراقلىشىڭلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ دۆلەتلىرىدىن ھىجرەت قىلىڭلار .»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن :

« ئىككىسىنىڭ ئوتلىرى ( مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئوتلىرى ) بىر ـ بىرىگە كۆرۈنمىسۇن.» ( ئەبۇ داۋۇد جىھاد : 95 ، نەسەئى قاسامە : 27 ، ئەلبانى ئىرۋائۇل غالىل : 1207 )

باشقا بىر ھەدىستە بولسا مۇنداق دېيىلىدۇ :

« كىمكى مۇشرىكلار بىلەن بىر يەردە بولسا ، ئۇلار بىلەن بىللە ياشىسا ، ئۇمۇ ئۇلارغا ئوخشاشتۇر.» ( ئەبۇ داۋۇد جىھاد :170 )

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

« ئۆزلىرىگە زۇلۇمقىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرىپەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغانچاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «(زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: «ھىجرەتقىلساڭلار اللەنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭبارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» ( نىسا : 97 )

ئىبنى ئەبۇ ھاتەمنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە ئىبنى ئاببا س مۇنداق دېگەن :

« مەككە خەلقىدىن بەزى كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان ئىدى ، ئەمما مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇن تۇتۇشىۋاتاتتى . مۇشرىكلار ، بەدىر كۈنى ئۇلارنىمۇ ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلاشتى. ئۇلارمۇ ئۇرۇشقا قوشۇلدى ۋە بەزىلىرى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭغا قارىتا مۇسۇلمانلار : « ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلاندى ، ئۇلار ئۇچۇن اللەتىن مەغفىرەت تىلەڭلار » دېيىشتى . بۇنىڭغا قارىتا نىسا سۈرىسىنىڭ 97ـ ئايىتى نازىل بولدى.»

دەھھاق بۇ ئايەت بىلەن ئالاقىدار ھالدا مۇنداق دەيدۇ :

« ئايەت مەككىدە قېلىپ ھىجرەت قىلمىغان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالمىغان بىر بۆلۈك مۇنافىقلار توغرىسىدا نازىل بولدى . بۇلار بەدىر كۈنىدە مۇشرىكلار بىلەن بىرلىكتە چىقتى ۋە جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى.»

ئىبنى كەسىر بۇنى دەھھاقتىن رىۋايەت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ :

« بۇ ئايەت ، مۇشرىكلار ئارىسىدا ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان ھەركىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . چۈنكى ئۇلار ھىجرەت قىلىشقا كۈچى يەتكەن ھالدا ، مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا قېلىۋاتىدۇ . ھالبۇكى مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا دىنىنى ياشاش ئىمكانىيەتلىرى بولمايدۇ . بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ، ئۆزلىرىگە زىيان سالغان ، بىر جەھەتتىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋالغان بولىدۇ.

بۇ قىلمىش ئىجما بىلەن ھارام دەپ قوبۇل قىلىنغان . چۈنكى ئايەتتە « ئۆزلىرىگە زۇلۇمقىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرىپەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغانچاغدا» دېيىلگەن.

شەيخنىڭ ئائىلىسىدىن ؛ بىراۋنىڭ تىجارەت مەقستى بىلەن كافىرلارنىڭ دۆلىتىگە سەپەر قىلىشىنىڭ جائىزلىقى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا سورالغىنىدا مۇنداق جاۋاب بەرگەن :

« ئەگەر بۇ كىشى بارغان يېرىدە دىنىنى ئاشكارا بىر شەكىلدە ياشىيالايدىغان بولسا ۋە مۇشرىكلارغا دوستلۇق كۆرسەتمەيدىغان بولسا جائىزدۇر.

ئەمەلىيەتتە ساھابىلاردىن بەزىلىرى ( مەسىلەن ، ئەبۇ بەكرى ) مۇشۇنداق سەپەرلەرنى قىلغان ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇنىڭغا قارشى چىقمىغان.»

ئەگەر بارغان دۆلەتتە دىنىنى ئاشكارا ياشىيالمايدىغان بولسا ۋە مۇشرىكلارغا قارشى دۈشمەنلىكىنى ئاشكارا ئىپادىلىيەلمىسە كافىرلارنىڭ دۆلىتىگە بېرىشى جائىز بولمايدۇ. بۇنىڭ چەكلەنگەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بەك كۆپ ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى بار . الله تەئالا ، مۇشرىكلارغا دۈشمەنلىك ئىپادىلەشنى پەرز قىلغان . ئەگەر بىر يەردە بۇ شەرتلەر ئادا قىلىنالمىسا ، ئۇ يەرگە بېرىش جائىز بولمايدۇ. چۈنكى كافىر ۋە مۇشرىك شەھەرلىرىگە سەپەر قىلىش ، كىشىنى بارا بارا ئۇلارنى ئۆز كۆرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ياقتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ رېئاللىقنى كافىر شەھەرلىرىگە كۆچۈپ بارغان مۇسۇلمانلاردىن كۆرۈش مۇمكىندۇر.

سوئال :

بىر مۇسۇلماننىڭ تىجارەت مەقسىتى بىلەن ، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ سىمۋۇللىرىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئاشكارا ئوتتۇرغا قويغان يەرلەرگە بېرىشى جائىزمۇ ؟

جاۋاب :

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش . ئارىسىدا ھېچبىر پەرق يوق. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ھەرقانداق بىر شەھەردە دىنىنى ئاشكارا ياشىيالمىسا ، ئۇ يەرگە سەپەر قىلىشى جائىز بولمايدۇ.

سوئال :

بىر ـ ئىككى ئايدەك قىسقا بىر مۇددەت بىلەن ، ئۇزۇنراق بىر مۇددەت قېلىشنىڭ ئارىسىدا بىرەر پەرق بارمۇ؟

جاۋاب :

قىسقا ياكى ئۇزۇن مۇددەت قېلىشنىڭ ئارىسىدا بىرەر پەرق يوق . مۇددەت مەيلى قىسقا بولسۇن مەيلى ئۇزۇن بولسۇن ،ئەگەر مۇسۇلمان كىشى ئۇ يەردە دىنىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە ياشىيالمىسا ، مۇشرىكلارغا قارشى دۈشمەنلىكىنى ئاشكارا بايان قىلالمىسا ۋە ئۇ يەردىن چىقالايدىغانغا كۈچى ھەم بولسا ، ئۇ يەردە بىر كۈنمۇ قېلىشى جائىز ئەمەستۇر.

سوئال :

ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرگەن ۋە مۇشرىكلارغا ئۆچمەنلىك قىلغان بىر كىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ . بۇ كىشى ياشاۋاتقان شەھەر ئەتراپى خەلقى ئاشكارا ھالدا ئىسلامغا قارشى پوزىتسىيەنى ئوتتۇرغا قويغان ، مۇسۇلمانلار بىلەن

مۇجادىلە قىلىۋاتىدۇ ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، ئائىلىلىرىگە ئارام بەرمەۋاتىدۇ. بۇ كىشى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىماي پەقەت دۆلىتىدىن ئايرىلىش ئۈزىگە ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن ياكى بۇنىڭغا ئوخشىغان ئۆزۈرلەر سەۋەبىدىن ھىجرەت قىلمىسا مۇسۇلمان ھالەتتە قالامدۇ؟

جاۋاب :

بۇ ئەھۋالدا بولغان بىر كىشى ، مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا دىنىنى ئاشكارا ياشىيالىسا ، دىن نۇقتىسىدىن ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئۈزسە ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىدىن ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزلەشتۈرمىسە ، ئۇلارنىڭ كافىر ئىكەنلىكىنى ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى كەسكىن بىر تىل بىلەن ئىپادىلىيەلىسە ، مۇشرىكلارمۇ ، دىنى ، تۇققانلىرى ، مېلى ياكى باشقا بىرەر نەرسە ھەققىدە ئۇنى فىتنىگە دۇچار قىلمىسا ۋە بېسىمغۇ قىلمىسا بۇ كىشىگە كافىر ھۆكۈمى بېرىلەلمەيدۇ.

ئەمما بۇنىڭدەك كىشىلەر ھىجرەت قىلالايدىغان كۈچكە ئىگە بولغان ھالدا ھىجرەت قىلماي مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلسە ، « « ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغانچاغدا..» ( نىسا : 97 ـ 98) ئايىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قېلىشىدىن قورقۇلىدۇ. چۈنكى الله تەئالا پەقەت بىرەر چارە ۋە يول تاپالمىغانلارنى ئۆزۈرلۈك سانىغان. ئەمما بۇنداق كىشىلەر بولۇشىچە ئاز.چۈنكى مۇشرىكلار ئومۇمەن بۇنداق كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا جىق سىغدۇرۇشۇپ كەتمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى يا ئۆلتۈرىشىدۇ ياكى دۆلەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئەمما ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن بىرەر ئۆزۈر يوق ھالدا مۇشرىكلار ئارىسىدا قېلىشنى داۋاملاشتۇرغان ، چېكىنمەستىن ئۆزىنىڭمۇ ئۇلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ، ‹ سىلەرنىڭ دىنىڭلارمۇ ھەق ، ئىسلام دىنىمۇ› ( پەرقلىق بىر نۇسخىدا ‹ ئىسلام دىنى باتىلدۇر› ) دېگەن بىر كىشى قەلبى جەھەتتىن ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىگە بولسىمۇ كافىر ۋە مۇرتەددۇر. چۈنكى پەقەت دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھىجرەت قىلماۋاتماقتا، بىرەر بېسىم ۋە يىرگىنىش بولمىغان ھالدا ، كۇفرى سۆزلىرىنى ئېيتماقتا . بۇنداق كىشىلەر :

«كىمكى الله غا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا،ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارى يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ. بۇ (يەنى ئازاب) ئۇلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ۋە الله

نىڭ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.» ( نەھل : 106 ـ 107) ھۆكۈمىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇلار ، شەيخ ھۈسەين بىلەن شەيخ ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد بىن ئابدۇلۋەھھابنىڭ جاۋابلىرىدۇر.

ئۆزلىرىگە بۇ دەۋەت ئۇلاشقان بىر شەھەر خەلقىنىڭ ئىپتىشچە ، بەزى كىشىلەر « بۇ چۈشەندۈرۈلگەنلەر توغرا ، ئەمما بىز ھەرقانداق بىر يامانلىقنى چەكلىمەيمىز ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇمايمىز.» دېيىشىدۇ ۋە تەۋھىد ئەھلى « بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن يىراقمىز ، ئۇلار بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتىمىز يوق .» دېگىنىدە ھەم ئۇلارغا بويۇن ئېگىشمەيدۇ.

بۇ كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدىشىۋاتىدۇ ۋە شەيتان بۇنى ئۇلارغا زىننەتلەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. چۈنكى ئاشكارا سۆزلىشى كېرەك بولغان سۆزلەرنى سۆزلىيەلمەيۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىنمۇ بەزى تەرەپلەردىن ئەڭ باشتا بايان قىلىنغان شەھەر خەلقىگە ئوخشايدۇ. بۇ كىشىلەر ، دەلىللەرگە قارشى چىققانلارنىڭ كافىر بولىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىگە قارىماي بۇنداق كىشىلەرنى كافىر دېمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرى كافىر بولۇشىدۇ. ھالبۇكى مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغىنىدا ، دىنىنى ئاشكارا ياشىيالمىغان بىر كىشىنىڭ بۇ يەردىن ھىجرەت قىلىشى پەرزدۇر. ئەگەر الله تەئالا ئۆزۈرلۈك سانىغان كىشىلەردىن ئەمەس بولسا ، ھىجرەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ھىجرەت قىلمىسا ئەھۋالى كافىر ۋە مۇشرىكلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئاجىز ۋە كۈچسىزبولغانلىقى ئۈچۈن مۇستازئاف سىنىپىغا كىرگەنلەر ، ئۆزۈرلۈك كىشىلەردۇر. چۈنكى بۇلار بىر چىقىش يولى تاپالمايۋاتماقتا . بۇ تىپما ۋە دىنىنى ئاشكارىلاش كۈچىگە ئىگە بولمىغان بىراۋنىڭ ھىجرەت قىلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى مەسىلىسى ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇ يەردىكى مۇھىم بولغان باشقا بىر خۇسۇس بولسا : دىنىنىڭ قانداق ئاشكارە قىلىنىپ ئوتتۇرغا قويۇلىدىغانلىقىدۇر.

بۇ ، مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇشرىكلارنىڭ يۈزىگە ئۇلارنىڭ كافىر ئىكەنلىكىنى ۋە دىنىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىشى بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ. بۇ مەسىلىمۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئىدى.

بىر كىشى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ كافىر ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلاپ، ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنى بىلدۈرسە ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ ، ئۇلار تەرىپىدىن يا ئۆلتۈرۈلىدۇ يا سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

اللە تەئالا ، بارلىق كافىرلارنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ مۇشۇنداق رەۋىشتە بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان .

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ :

«كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە: « سىلەرنى زېمىنىدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. ئۇلارغا پەرۋەردىگارى (مۇنداق) ۋەھيي قىلدى: «زالىملارنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز .ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن زېمىندا چوقۇم سىلەرنى تۇرغۇزىمىز، بۇ(يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن(يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر» .( ئىبراھىم : 13 ـ 14)

«شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يامان كۆرۈدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟) » دېدى.» ( ئەئراف : 88 )

«شەھەردىكى كىشلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا، سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ...» (كەھف : 20 )

دىققەت قىلىنسا ، بۇ يەردە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش سۆز ئېمىسىدۇر.

مۇشرىكلارغا دوستلۇق كۆرسىتىپ ئىتائەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك مۇرتەد بولغانلار ، ئۇشبۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ياخشى بىلىشلىرى كېرەك :

كافىر ۋە مۇشرىكلار ، ئۇلارنىڭ خالىغىنىدەك بولمىغىچە مۇسۇلمانلاردىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ . مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بولۇشىغا ئىزىن بەرمەيدۇ ، ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىشىدۇ. ھەتتا پۇرسەت تاپالىسا ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ، يوق قىلىشقا تىرىشىدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ ياردەمچىسى پەقەتلا اللە تەئالادۇر .

بۇ پارچە شەيخنىڭ « مۇشرىكلارنى ۋە مۇرتەدلەرنى دوست تۇتۇشتىن قۇتۇلۇش يوللىرى » ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەۋھىد ۋە دەۋەت مۇنبىرى تەرجىمىسى